شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن (3)

ئەزىزى



# فەرىدۇددىن ئەتتار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

ISBN 7-228-06626-X
9 787228 066261 >

ISBN 7 - 228 - 06626 - X
I·2634(民文)总价(1-5):30.00元

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن (3)

# فەرىدۇددىن ئەتتار

ئەزىزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# «شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن» مەجمۇئەسىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى

باش تۈزگۈچى:

زەمىر سەئدۇللازادە (دوكتور، كاندىدات باش تەتقىقاتى)

تەھرىر ھەيئەتلىرى (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن (دوتسېنت)

ئابلىمىت ئەھەت (دوتسېنت)

ئەسەت سۇلايمان (دوكتور، دوتسېنت)

كېرىمجان ئابدۇرېھىم (لېكتور)

ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت (لېكتور، ماگىستىر)


**图书在版编目（CIP）数据**

东方文学宝藏/扎米尔·赛都拉主编. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8
ISBN 7-228-06626-X
Ⅰ.东… Ⅱ.扎… Ⅲ.文学研究－东方国家－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I106

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 056882 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计:努尔买买提·吾买尔

东方文学宝藏（3）

**帕里迪丁·阿塔尔**　（维吾尔文）

艾则孜·艾里　著　　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
787×1092 毫米　1/32　3.75 印张
2002 年 8 月第 1 版　　2002 年 8 月第 1 次印刷
印数：1 —3000 册

ISBN 7 — 228 — 06626 — X / I.2634
全套定价(1—5):30.00 元　单价:6.00 元

向新疆社会科学院建院20周年献礼

新疆社会科学院民族文学研究所

《东方文学宝藏》丛书编辑委员会

主编 扎米尔·塞都拉 （文学博博士，副研究员）

编委 （姓名按维吾尔文字母排序）

阿布都卡德尔·贾拉里丁 （副教授）

阿布里米提·阿海提 （副教授）

艾赛提·苏莱曼 （文学博士，副教授

克里木江·阿布都热伊木 （讲师）

乌尔买提江·阿布都热合曼 （硕士，讲师

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب، فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ………………………… (1)

1. فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى ……………… (3)

2. فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى ……… (20)

ئىككىنچى باب، فەرىدۇددىن ئەتتار دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ………………………… (29)

1. «شەيخ سەنئان قىسسىسى» ۋە پىر - مۇرىتلىق مىزانى ………………………………… (33)

2. فەرىدۇددىن ئەتتار ۋە تەرىقەت ………… (39)

3. فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ مەرىپەت ۋە ھەقىقەت قاراشلىرى ………………………………… (49)

ئۈچىنچى باب، فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئالەم ۋە ئىنسان قارىشى ………………………………… (63)

تۆتىنچى باب، فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى ……………… (81)

بەشىنچى باب، فەرىدۇددىن ئەتتار ئىدىيىسى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەسىرى …… (102)

ئەسلەتمە ………………………………… (107)

# بىرىنچى باب
# فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى

مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىران تارىخىدا بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك بىر سۇلالە — سالجۇقىيلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى . مىلادىيە 1038-يىلى سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى سۇلتانى توغرۇلبېك غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىگە قاراشلىق خۇراساننىڭ باش شەھىرى — نىشاپۇرنى ئىگىلىدى. مىلادىيە 1040-يىلى سالجۇقلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا ، غەزنەۋىيلەر مەغلۇب بولدى . نەتىجىدە سالجۇقىيلارنىڭ تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

سۇلتان مەلىك شاھ (1072 ـ 1092) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىگە كەلگەندە سالجۇقىيلار سۇلالىسى زور دەرىجىدە قۇدرەت تېپىپ مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . بۇ ھال ئەلۋەتتە سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ۋەزىرى ، « نىزامۇلمۇلك» ، يەنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تايانچى دەپ نام ئالغان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئىسھاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن داڭق چىقارغان .

سۇلتان مەلىك شاھ ۋاپات بولۇپ بىر مەزگىللىك ئىچكى

زىددىيەتلەردىن كېيىن مىلادىيە 1118-يىلى سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى سۇلتان سەنجەر ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى .

12 — ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا كەلگەندە قاراقىتان (بەزى ماتېرىياللاردا كىدان، قاراكىدان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى . ئۇلار ئاۋۋال بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى، ئاندىن مىلادىيە 1138-يىلى خوجەند ئەتراپىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىلىك خانى مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن قايتىپ كەتتى . مىلادىيە 1141-يىلى قاراقىتانلار يەنە باستۇرۇپ كەلدى. سۇلتان سەنجەر مەھمۇد بىلەن بىرلىكتە سەمەرقەنت ئەتراپىدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئەمما، ئۇرۇشتا سۇلتان سەنجەر بىلەن مەھمۇد پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈچ قۇدرىتىمۇ ئاخىرلاشتى. سۇلتان سەنجەر مىلادىيە 1157-يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىران زېمىنى خارەزم دۆلىتىگە تەۋە بولدى. خارەزمشاھ مۇھەممەت تەختكە ئولتۇرغان يىللار (1200 — 1220) خارەزم دۆلىتىنىڭ تازا قۇدرەت تاپقان دەۋرى بولدى. ئەمما، بۇنداق كۈچلۈك دۆلەتنىڭ تەقدىرىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى.

13 — ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلى ئاخىرلىشىپ ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنى مىلادىيە 1210-1215 يىللار ئارىلىقىدا موڭغۇللاردىن چىققان شەپقەتسىز ھۆكۈمران چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ باتۇر قوشۇنلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە يېقىنىدىن دىققەت قىلغان مۇھەممەد ئالدى بىلەن چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتتى.



چىڭگىزخانمۇ ئەلچىلەرنى ياخشى جاۋاب بىلەن يولغا سالدى. ئەمما، بۇ ئىككى بۈيۈك ھۆكۈمران ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت 1218-يىلى بۇزۇلدى. خارەزمشاھ مۇھەممەدنىڭ قول ئاستىدىكىلەر چىڭگىزخاننىڭ 450 ئادەم ۋە 500 تۆگىدىن ئىبارەت زور سودا كارۋىنىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى ، كارۋانچىلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

بۇ ئىشتىن قاتتىق دەرغەزەپكە كەلگەن چىڭگىزخان مىلادىيە 1219-يىلى غايەت زور قوشۇن بىلەن خارەزم دۆلىتىگە يېتىپ كەلدى. 1220-يىلى چىڭگىزخان بۇخارانى ئالدى ، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي سەمەرقەنتنىمۇ ئىگىلىدى. 1221-يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى خارەزم دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خارەزم دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ، بۇ دۆلەتكە تەۋە رايونلار موڭغۇللارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

فەرىدۇددىن ئەتتار مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش جەريانىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

## 1. فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى

دۇنيادا ئۆز قويىنىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شان - شۆھرىتى ئارقىلىق ئالەمگە تونۇلغان ، شۇ سەۋەبتىن ئىسمى ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار ئىلكىدە تىلغا ئېلىنىدىغان نۇرغۇن شەھەرلەر بار. ئەنە شۇنداق شەھەرلەرنىڭ بىرى نىشاپۇردۇر.

نىشاپۇر ئۇزاق شۇنداقلا سەلتەنەتلىك تارىختا ئىگە شەھەر ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ شەھەردىن ھەر قايسى

ساھەلەر بويىچە كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقتى، ھەتتا باشقا ئەل ۋە شەھەرلەردىن بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ شەھەرگە كېلىپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە بۇ شەھەر شەرقتىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىسمى ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر قايسى تارىخىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىندى . يۈكسەك مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ خىل مۇھىت نىشاپۇرنىڭ شەۋكىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى .

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئىدى. ئەنە شۇ شەۋكەتلىك شەھەر - نىشاپۇر ئەتراپىدا ئىبراھىم ئىسىملىك تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ئىستىقامەت قىلاتتى. ئىبراھىم ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ سىر - ئەسرارلىرىدىن بەلگىلىك سەۋىيىدە خەۋەردار ، سەممىمىي دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ قۇتبىدىن ھەيدەر ئىسىملىك مەشھۇر دەرۋىشتىن دىنىي ئىلىملەر ، بولۇپمۇ تەرىقەت تەلەپلىرى بويىچە تەلىم ئالغان بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس مەۋقە بىلەن تۇرلۇك ئىنسانىي پەزىلەت ۋە پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھالال - پاك ياشاشقا تىرىشاتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئەتتارلىق يەنى خۇش پۇراق بۇيۇملار ۋە دورا - دەرمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دائىم دېگۈدەك يېقىن - يىراق شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىپار ، مۇشكى ئەنبەر دېگەندەك خۇش پۇراق بۇيۇملار ھەمدە قىممەتلىك شىپالىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېلىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . يېقىن ئەتراپتا ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دۇكىنىنى بىلمەيدىغان



كىشىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى .

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئىبراھىم ئۈچۈن زېمىن يېرىلىپ ئاسمان لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ قەلبىدە بىر قۇياش پارلىدى. گويا ئۇزۇن يىللىق تائەت - ئىبادىتى ۋە تىلەكلىرى مەقبۇل بولغاندەك بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى . ئۇ ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىنايەت - ئىلتىپاتىغا چەكسىز شۈكرانىلار ئېيتىپ ئوغلىغا مۇھەممەد دەپ، رەسۇلۇللانىڭ ئىسمىنى قويدى ، ئەتراپتىكى يېتىم - يېسىرلارغا ئېھسان - سەدىقىلەر قىلدى .

ئىبراھىمنىڭ خۇشاللىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ئۈزۈپ قويمايدىغان بىر ئىز باسارنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن قەۋەتلا رازى ئىدى. مۇھەممەد چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت ئىلكىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپتىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە بۆلەكچىلا قىزىقىشى، تىنىماي سوئال سوراشلىرى ۋە زېرەكلىكى ئىبراھىمغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلاتتى. ئىبراھىم مۇھەممەدنى نىشاپۇردىكى ئەڭ ئۆتكۈر ئۆلىمالارنىڭ قولىدا ئوقۇتتى. مۇھەممەد مەدرىسەنى تاماملاپ، تازا يېتىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، ئەخلاقىي، ئەقلىي ساپا ۋە ئۆزىگە خاس دىت بىلەن ئەل - جامائەتنىڭ نەزىرىگە چېلىقىشقا باشلىغان چاغلاردا دادىسى ئىبراھىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد دادىسىنىڭ ئەتتارلىق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئاتا كەسپىگە زور ئىخلاس بىلەن ۋارىسلىق قىلدى . تىجارەتتە ئاتىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دىيانەت ۋە ھالاللىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، خۇددى دادىسىدەكلا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

نەتىجىدە ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپلا قالماي، ئۆزىمۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە ، ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى ۋە ئەل ئارىسىدا ئەتتار دېگەن نام بىلەن تونۇلدى .

بىــر كۈنى مۇھەممەدنىڭ دۇكىنى ئالدىدا دەرۋىشلەرگە خاس يېلىڭ - يىرتىق كېيىنگەن بىر دىۋانە پەيدا بولدى. ئۇ ھەر خىل خۇش پۇراق بۇيۇم ۋە دورا - دەرمەكلەر بىلەن تولغان دۇكانغا، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ كېتىپ تۇرغان خېرىدارلارغا، شۇنداقلا تىجارەت بىــلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان دۇكاندارغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئــەي، دۇكــاندار، خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىڭ، — دېدى مۇھەممەدكە.

مــۇھــەمــمــەد تــىجــارەتــنىــڭ ئالدىراشچىلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر دىۋانىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دىۋانە يەنە مۇھەممەدكە:

— ئەي خوجا، سەن قانداق ئۆلىسەن ؟ — دېدى.

مۇھەممەد بۇ سۆزدىن سەل ئەندىكتى ۋە جاۋابەن:

— سەن قانداق ئۆلسەڭ، مەنمۇ شۇنداق ئۆلەرمەن — دېدى.

دىۋانە:

— ياق، سەن مەندەك ئۆلەلمەيسەن. — دېدى.

مۇھەممەد دىۋانىدىن :

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى.

دىۋانە:

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېنىڭ يۈكۈم يەڭگىل، قۇرۇق تېنىم ۋە ئۇنى يېپىپ تۇرغان جەندەمدىن ئۆزگە ھېچقانداق يۈكۈم يوق. مېنىڭ



بۇ دۇنيا دۇكىنىنى تاشلاپ كېتىشىم ئاسان. ئەمما، سېنىڭ بولسا يۈكۈڭ ئېغىر، ھەشەمەتلىك ئىمارىتىڭ ، مالغا تولغان دۇكىنىڭ، پۇلغا تولغان ھەميېنىڭ، خىزمەتكار - چاكارلىرىڭ بار. شۇنچە يۈك بىلەن مەنزىلگە قانداق يېتەلەيسەن؟ سەن ئۆز ئىشىڭنىڭ چارىسىنى قىل، مەن بولسام مانا مۇنداق ئۆلىمەن، — دېدى - دە، بېلىدىن سۇ ئىچىدىغان جامنى ئېلىپ بېشىغا قويۇپ ياتقىنىچە جان ئۈزدى.

مۇھەممەد كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ھالدىن ھەيرانۇلال بولدى. قەلبىگە شىددەتلىك بىر ئىزتىراپ، زىلزىلە تۇتاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تا ھازىرغىچىلىك بىخۇدلۇق ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزگەنلىكىنى خىرە - شىرە ھېس قىلغاندەك بولدى - دە، چەكسىز نادامەت بىلەن تۇۋا - ئىستىغپارغا قول كۆتۈردى.

مۇھەممەد كارامەت ئىگىسى بولغان بۇ دەرۋىشنىڭ جەسىتىنى ئۆز قــولــى بــىلــەن يەرلىككە قويدى. ئاندىن ئــۇرۇق - تــۇغــقــان، خــىزمەتكار - چاكارلىرىنى يىغىپ بارلىق مال - مۈلكىنى ئۇلارغا ئــۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەتتارلىقنى تاشلاپ، تەرىقەت يولىغا كىردى. ئەتتار دېگەن سۆز كېيىنچە ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ قالدى ھەمدە شۇ نام بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولدى.

دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت تۇسىگە ئىگە بۇ ۋەقە ئابدۇرەھمان جامى، ئەلىشىر نەۋائىيلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەتتارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى غايەت زور بۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان، بىمەنە تۇيغۇ بەرمەيدۇ. چۈنكى، مەشھۇر شەيخلەرنىڭ ھاياتىدا ئىدىيە جــەھــەتــتــىكى بۇرۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەر خىل ئالامەتلىك

هادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئەتتارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا ئۆزىنى بېغىشلاشىنىڭ سىرلىق مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. ئۇ روھى جەھەتتە كۈچلۈك بىر خىرىسقا دۇچ كەلگەنىدى.

ئەتتارنىڭ تەرىقەتتىكى ئۇستازلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراش تېخى بىرلىككە كېلىنگىنى يوق. ئابدۇرەھمان جامىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەتتار دەرۋىشلىك خىرقىسىنى، يەنى دەرۋىشلىك يولىغا كىرگەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان جەندىنى شەيخ نەجمىددىن كۇبرا (1221-1145) نىڭ ئىنز باسارلىرىدىن بولغان مەجدىددىن باغدادىنىڭ قولىدىن كېيگەنلىكى مەلۇم. بەزىلەر دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى (1495-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ ئەتتارنى گەرچە دەرۋىشلىك خىرقىسىنى مەجدىددىن باغدادى قولىدىن كەيگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرىقەت تەلىماتلىرىنى شەيخ رۇكنىددىندىن ئالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئەتتارنى دادىسىنىڭ ئۇستازى قۇتبىددىن ھەيدەرىدىن تەلىم ئالغان دەپمۇ قارايدۇ. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ مەلۇماتى بىلەن بىردەك. نەۋائى «نەسايىمۇل - مۇھەببەت» («سۆيگۈ سەلكىنلىرى») دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئالار شەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ مۇرىتىدۇرلار ۋە «تەزكىرەتۇل- ئەۋلىيا» كىتابىكىم، ئالارنىڭ مۇسەننىفاتىدىندۇر، ئانىڭ دىباچەسىدە ئۆزلەرىنىڭ شەيخ مەجدىددىنغە ئىرادەتلەرىن زاھىر



قىلىپتۇرلار ۋە بەئىزى دەپتۇرلەركى، ئۇۋەيسىي ئىكەندۇرلار»[①].

يەشمىسى: ئەتتار شەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ مۇرىتلىرىدۇر. «تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا» (ئەۋلىيالار تەزكىرىسى) كىتابىنى ئەتتار يازغاندۇر، ئەتتار شۇ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ شەيخ مەجدىددىنغا بولغان ئىخلاسىنى نامايان قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىي ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بۇ يەردىكى ئۇۋەيسىي تەسەۋۋۇپقا خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ تەرىقەت يولىغا كىرگەن كىشىنىڭ بىۋاستە ھالدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر مەشھۇر ئۆلىمانىڭ روھىناتىدىن مەدەت ۋە تەلىم ئېلىپ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مەنبەلەردە مەجدىددىن باغدادىينىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شەيخى نەجمىددىن كۇبرادىن تەلىم ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، نەۋائى « نەسايىمۇل - مۇھەببەت» تە شەيخ نەجمىددىن كۇبرا ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ھەزرەتى شەيخقە مۇرىدلار كۆپ ئىردىلەر، ئەمما ئالاردىن نېچەسى جەھاندا يېگانە ۋە زەماندا مۇقتەدا ۋە فەرزانە ئىردىلەر. ئانداقكى، شەيخ مەجدىددىن باغدادى ۋە شەيخ سەئىدىددىن ھەمەۋى ۋە بابا كەمال جەندى ۋە شەيخ رەزىددىن ئەلى لالە ۋە شەيخ سەيفىددىن باخەرزى ۋە شەيخ نەجمىددىن رازى ۋە شەيخ جەمالىددىن گېيلى ۋە بەئزى دەپتۇرلاركى، مەۋلانە بەھائۇددىن

① ئەلىشىر نەۋائى: «نەسايىمۇل - مۇھەببەت» (15تومluق نەۋائى ئەسەرلىرى، 15-توم) غوپۇر غۇلام نامىدىكى بەدئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى . تاشكەنت 1968-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 169-بەت.

ۋەلەدكى، ھەزرەتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ۋالىدى بولغاي ھەم ئالاردىندۇر» ①.

يەشمىسى: شەيخ (نەجمىددىن كۇبرا) ھەزرەتىنىڭ مۇرىتلىرى كۆپ ئىدى. ئەمما، ئۇلاردىن بىر نەچچىسى جاھاندا يېگانە، زاماندا ئىقتىدا قىلغۇچى دانىشمەن ئىدى. ئۇلار شەيخ مەجدىددىن باغدادى، شەيخ سەئىددىن ھەمەۋى، پابا كەمال جەندى، شەيخ رەزىددىن ئەلى لالە، شەيخ سەيفىددىن باخەرزى، شەيخ نەجمىددىن رازى، شەيخ جامالىددىن گىيلىلاردۇر. بەزىلەر ھەزرىتى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى بەھائۇددىن ۋەلەدنىمۇ ئۇنىڭ مۇرىتى دەيدۇ.

دېمەك، شەيخ مەجدىددىن باغدادى شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا شەيخ مەجدىددىن باغدادى قوش تەرەپلىمە ھەم باتىنى، ھەم زاھىرى تەرەپتىن تەربىيىلىنىش شاراپىتىگە سازاۋەر بولغان ئىلىم ساھىبى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نەۋائىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەتتارنىڭ مەسلەكدىشى، ئەتتار تەلىماتىنىڭ ئىخلاسمەن تەرغىباتچىسى جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى بەھائۇددىن ۋەلەد بىلەن ئەتتارنىڭ ئۇستازى مەجدىددىن باغدادى بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەتتار بىلەن

① 15تومluق «نەۋائى ئەسەرلىرى» 15-توم. «نەسايىمۇل - مۇھەببەت» 1968-يىل ئۆزبېكچە نەشرى 145-بەت.



جالالىددىن رۇمى ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مەنىۋى قانداشلىقنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە تارىخى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى رادىي فىشنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئايال سىياسەتۋاز، دۆلەت ئەربابى تۇركان خاتۇن مەجدىددىن باغدادىنى خارەزمشاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئەمما، ئوردىدىكى پىتنە - پاسات سەۋەبىدىن خارەزمشاھ مۇھەممەد، مەجدىددىن باغدادىنى ئۆلتۈرۈپ جەيھۇن دەرياسىغا تاشلاتقۇزغان. مەجدىددىن باغدادىنىڭ ۋاپاتى مەنبەلەردە مىلادىيە 1217-يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

تەسەۋۋۇپ تارىخىدا تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىتنىڭ بىر ئەمەس بىر نەچچە پىر - ئۇستازىدىن تەلىم ئالغانلىقىدەك ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئەتتارنى مەيلى مەجدىددىن باغدادى، مەيلى قۇتبىددىن ھەيدەر، ۋە مەيلى شەيخ رۇكنىددىنىدىن تەلىم ئالغان دېگەن قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

ئەتتار نىشاپۇردا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئەينى چاغدا پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىر خىل ئاۋانگارت ئىدىيە سۈپىتىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. جۈملىدىن نىشاپۇر تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئەڭ قىزغىن مەركەزلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. مەدرىسەلەردىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ

نەزەرىيىۋى ۋە روھىي پرىنسىپلىرى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتتار كىچىك چېغىدىن باشلاپلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ روھى بويىچە تەربىيىلەنگەن ھەم ئۆزىمۇ بۇ تەلىماتقا ئۆزگىچە بىر مەنىۋى ئىشتىياق بىلەن ياندىشاتتى. بۇنى ئەتتارنىڭ ئۆزىمۇ يازىدۇ:

«بالىلىق ئەييامىدىن ئاشۇ تائىپىگە (يەنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە) مۇھەببىتىم شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە جۇشقۇن ئىدىكى، ئاشۇ تائىپىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى مېنى ئۆزىگە تارتار، دىلىمدا بۇ سۆزلەردىن شادلىق جىلۋىلىنەر ئىدى، ئۇ سۆزلەر قانچىلىك ئۇلۇغۋار، پەردىلەنگەن بولمىسۇن، ئۇلارنى تونۇۋالىدىغان بولغانىدىم»①.

ئەتتار نىشاپۇردىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى باسقۇچلارنى مەلۇم پەللىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمىگە سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇ ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىسىر، شام، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى كېزىپ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەيخلەرنىڭ سۆھبەت ۋە تەلىملىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەۋلىيا - ئەنبىيا ھەمدە شەيخ - ماشايىخلارنىڭ مۇقەددەس مازارلىرى ۋە ئۇلار ياشىغان يۇرتلارنى تاۋاپ قىلىپ ئۇلار ھەققىدىكى تارىخ ۋە رىۋايەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ھېكمەت، ئۈگۈتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ھەققىدە يېزىلغان

---

① نەجمىددىن كامىلوۋ: «تەسەۋۋۇپ - ئىككىنچى كىتاب - تەۋھىد ئەسرارى» تاشكەنت. غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى 1999-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 153-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.



ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيدۇ. ئەتتار ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە، ئەتتارنىڭ ئەنە شۇنداق مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە مىڭ پارچە كىتاب ئوقۇغانلىقى قەيت قىلىنغان. خۇددى ئەتتار ئۆزىنىڭ «تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا» ناملىق ئەسىرىدە يازغىنىدەك: «ئەۋلىيالارغا مېھرى - مۇھەببىتىمىز، ئۇلارنىڭ كامالى ۋە جامالىغا شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇشبۇ ساداقەت قەلبىمىزگە ئاللاھ سالغان مۇھەببەتنىڭ نۇرى كەبى پارلاق. ئۇ بۈيۈك زاتلارغا بولغان تەزىمىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاتائالانىڭ مۇبارەك ناملىرىنى ھەر زامان تىلىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئەزىز - ئەۋلىيالار مەرىپىتىدىن بەھرىمەن بولغان، ھەر قاچان ۋە ھەر قانداق ھالەتتە ئاللانىڭ يادىنى ئۇنتۇمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەۋلىيالار ھاياتى نەمۇنىدۇر»①. دەرۋەقە ئەتتار «ئەزىز ئەۋلىيالارنىڭ مەرىپىتىدىن بەھرىمەن بولغان» كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئەتتار ئۇزاق سەپەردىن يەنە نىشاپۇرغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ سەپەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق يۈكسىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا ئەتتار ھەر قايسى جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىلىپ تەرىقەت تەلىماتىنىڭ پېشۋاسىغا، ئىلاھىي مەرىپەت غايىسىنى جۇشقۇن جەزبە بىلەن كۈيلەيدىغان يېتۈك شائىرغا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا «فەرىدۇددىن» - يەنى

---

① يۇقىرىقى كىتاب 152 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

دىنىنىڭ يېگانىسى، «شەيخ» دېگەن شەرەپلىك پەخرىي ناملارغا سازاۋەر بولۇپ مۇھەممەد فەرىدۇددىن ئىبنى ئىبراھىم شەيخ ئەتتار نىشاپۇرى دېگەن ئىسىم بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەتتارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىزداشلىرىدىن بولغان مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى ئۇنى: «ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرى ۋە غەزەللىرىدە تەۋھىد ئەسرارى، روھ زەۋقى بىلەن ۋۇجۇد ھەقىقىتى شۇ قەدەر كۆپ ئىپادىلەنگەنكى، بۇ، بۇتائىپىنىڭ ھېچبىرىنىڭ سۆزىدە تېپىلمايدۇ.» ① دەپ تەرىپلىسە، ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» («قەلبلەر سۆيگىنى») ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى: «ئىلاھىي مەرىپەت خەزىنىسىنىڭ جاۋاھىرلىرى بىلەن بېيىغان ۋە خەلقنىڭ تەرىپىگە ئېھتىياج سەزمىگەن»، «شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلىش ۋە چەكسىز مەرىپەت تارقىتىش» بولغان شەرەپلىك زاتلار قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئەتتارنى «سۇلتانۇل - ئارىفىن» («ئارىپلار سۇلتانى) دەپ ئاتايدۇ، ھەمدە ئۇنى: «ئۇ شەرىئەت ھەم تەرىقەتتە يېگانە، ئىشق ۋە تەلەپكارلىق، كۆيۈش - ئۆرتىنىشتە زامانىسىنىڭ شام چىرىغى، ئىرفان دېڭىزىغا چۆمگەن، ھەقىقەت دەرياسىغا شۇڭغۇپ جاۋاھىرلا تەرگەن» دەپ يۈكسەك باھالايدۇ.

ئەتتار ئۆزىنىڭ «مەزھەرۇل - ئەجايىب» («مۆجىزىنىڭ كۆرۈنۈشى») ناملىق ئەسىرىدە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپقا

① يۇقىرىقى كىتاب 46 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.



بولغان ئىخلاسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەلى شىئە مەزھىپىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ئەلىگە ئىخلاس قىلىش شىئە مەزھىپىگە ئىخلاس قويغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، بۇ ھال نىشاپۇردىكى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە ئۆلىمالارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە، ئەتتار شىئە مەزھىپىنى تەرغىب قىلغانلىق، «يولدىن ئازغانلىق» گۇناھى بىلەن ئەيىبلىنىپ دەسلەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. كېيىن جازا يېنىكلىتىلىپ ئۆيى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۆزى شەھەردىن سۈرگۈن قىلىنىپ شەھەر ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق غارلاردا تەقىب ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەتتار ياشىنىپ خېلىلا ھالىدىن قالغانىدى.

بىر كۈنى ئەتتار تۇرۇۋاتقان يەرگە ئۇنىڭ ئۇستازى مەجدىددىن باغدادىنىڭ يېقىن دوستى، سۇلتانۇل - ئۆلىما (ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى) دەپ شۆھرەت قازانغان بەھائۇددىن ۋەلەد (1230-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشنى رادىي فىش مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇچىسىغا قارىيىپ كەتكەن پەشمەت، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگەن، ئاجىزلاپ كەتكەن بىر بوۋاي ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ يۈرۈشىدىن ئەندىشە ئەمەس، بەلكى شىددەت چىقىپ تۇراتتى. گويا ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە تۇرغاندەك، تويۇقسىزلا بىر ئەزىز مېھمان كېلىپ قالغاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇ شۇ مېڭىشى بىلەن كېلىپ، گويا كۆرۈنمەس بىر توساققا دۇچ كەلگەندەك چىپپىدە توختىدى ۋە ئاستا ئېگىلىپ سالام

قىلدى. ئۇلار ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆچۈپ قالغان گۈلخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان تاشلارغا ئولتۇرۇشتى. بېشىغا سۇس مەللە رەڭلىك سەللە ئورىغان ئىگىز بويلۇق، سۇرلۇك قىياپەتلىك ئۆلىما ۋە كېگىزدىن دەرۋىشلەرچە ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، قەددى پۈكۈلگەن شائىر لام-جىم دېمەي، بىر-بىرىگە قاراپ ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇشتى»①.

ئەتتارنىڭ دىققىتىنى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ 12 ياشلىق ئوغلى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ، پارلاپ تۇرغان ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بۈيۈك ئادەم بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئۆزىنىڭ « ئەسرارنامە» («سىرنامە» ) دېگەن ئەسىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىدۇ. بۇ بالا كېيىن ئەتتارنىڭ مەسلەكدىشى، ئىزدىشى سۈپىتىدە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان مەۋلانە جالالىددىن رۇمى ئىدى. جالالىددىن رۇمى ئەتتارنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ «مەنتىقۇت- تەير» نى ئوقۇغانىدى.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەتتارنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ پاجىئەلىك بولغان. چىڭگىزخان قوشۇنى نىشاپۇرغا باستۇرۇپ كىرىپ پۈتۈن شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. ئولجا تەمەسىدە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنىمۇ ئاقتۇرۇپ پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىلەر بولسا ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ، ھەتتا قىرغىن جەريانىدا ئامان قالغان ئادەملەرنىمۇ

① رادىي فىش «جالالىددىن رۇمى»56 ـ بەت.



ئەسىر ھېسابىدا بۆلۈشۈۋالىدۇ. ئەنە شۇ قاتاردا ئەتتارمۇ بىر موڭغۇل ئەسكىرىگە ئەسىرگە چۈشىدۇ. موڭغۇل ئەسكىرى ئۇنى باغلاپ كوچىدا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئەتتارنى بىلىدىغان بىر ئادەم ئۇچراپ قالىدۇ، ھەمدە موڭغۇل ئەسكىرىگە:

— قۇلۇڭنى ماڭا ساتقىن، مىڭ دىنار بېرىمەن — دەيدۇ.

موڭغۇل ئەسكىرى رازى بولۇپ تۇرغاندا ئەتتار :

— ساتما، بۇ تولىمۇ ئاز، مەن كۆپ پۇلغا يارايمەن — دەيدۇ.

موڭغۇل ئەسكىرى ئۇنى مىڭ دىنارغا بەرمەي سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدۇ. يولدا ئۇنىڭغا يەنە بىر موڭغۇل ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۆز « ئولجىسى» نى ئۇنىڭغا ساتماقچى بولىدۇ. ئۇ بۇرادىرىنى مازاق قىلغان ھالدا:

— مەيلى ئالاي، ھەققىگە بىر تاغار سامان بېرىمەن، — دەيدۇ.

شۇندا ئەتتار موڭغۇل ئەسكىرىگە:

— تېزدىن رازى بولغىن ، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ئەرزىمەيمەن، — دەيدۇ.

بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن موڭغۇل ئەسكىرى شۇ زامان ئەتتارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ.

رادىي فىش ئەتتارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم يولىنى تاللىغانلىقى ھەققىدە «ئەتتار ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئەمدى ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ قىزىقى قالمىغانىدى» دەپ يازىدۇ.

ئەتتار نىشاپۇرغا دەپنە قىلىنىدۇ ھەمدە قەبرە بېشىغا ئاددىيغىنە

مەقبەرە قۇرۇلىدۇ. ئەمما، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتتارنىڭ مەقبەرىسى خارابلىشىپ كېتىدۇ. ئۆزبېك ئالىمى نەجمىددىن كامىلوۋنىڭ يېزىشىچە 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەلىشىر نەۋائى ئەتتارنىڭ مەقبەرىسىنىڭ خارابلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قەبرە بېشىغا كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىر مەقبەرە قۇردۇرىدۇ.

ئەتتارنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدىكى قاراشلار تېخى ئىشەنچلىك ھالدا بىرلىككە كېلىنمىدى. كۆپ ساندىكى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادىيە 1119-يىلى دەپ ئېلىنغان. ئەمما، « مەزھەرۇل ـ ئەجايىب» نىڭ بىر نۇسخىسىدا ئەتتارنىڭ بۇ ئەسەرنى 1188-يىلى يازغانلىقىنى ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ 100 ياشتىن ئاشقانلىقىنى ئەسكەرتكەنلىكى مەلۇم. ئەگەر شۇنداق بولسا ئەتتارنىڭ 1119-يىلى تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشمۇ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتتارنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى 1136-، ۋە 1145-يىلى دەپ قارىغۇچىلارمۇ مەۋجۇت. ئەتتارنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى يىل ھېسابىنى 1193-يىلى، 1221-يىلى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. جامىي ۋە دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئەتتارنى 114 يىل ياشىغان دەپ قەيت قىلغانلىقى مەلۇم. ئەلىشىر نەۋايى « نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» تە ئەتتارنى ھىجرىيە 627 (مىلادىيە 1231) يىلى ۋاپات بولغان ۋە 104 ياش ياشىغان دەپ يازىدۇ.

تۈركىيىلىك مۇستافا ئۇسلۇ ئۆزىنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى بىر



ماقالىسىدە «ئۇ ‹مەزھەرۇل ئەجايىب› تە شىئەلىكنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە ياش ۋاقتىدىن بېرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىدە ساقلىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شىئە مەزھىپىگە مايىللىقى ياشىنىپ قالغاندا ئۇنىڭ بېشىغا بالا بولغان، ‹سەمەرقەندى › تەخەللۇسلۇق سۈننىي مەزھىپىدىكى بىر مۇپتىنىڭ ‹مەزھەرۇل ـ ئەجايىب› نى تارقىتىش ئالدىدا بەرگەن پەتىۋاسى بىلەن بۇ ئەسەر كۆيدۈرۈلگەن. مۇشۇ ھادىسە تۈپەيلىدىن ئۆيى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان، ئۆزى مەككىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىنكى ئەسىرى ‹لىسانۇل غەيب›، ‹”غايىبات تىلى“› نى مەككىدە يازغان»① دەپ يازىدۇ. مۇستافا ئۇسلۇنىڭ بۇ قاراشلىرى گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھېلمۇت رىتتېرنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەتتارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى قاراشلار بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتارنىڭ ھاياتى ـ پائالىيىتى ھەققىدىكى مەسىلىدە بىرەر مۇقىم خۇلاسىگە كېلىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. ئەتتارنى پەقەت تەخمىنىي ھالدا 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

① مۇستافا ئۇسلۇ: «مەۋلانە جالالىددىن رۇمىينىڭ تۇنجى پىرى فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ‹پەندنامە› سىدە روھ ۋە ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇپ ئامىللىرى» ، تۈركچە «مىللى كۈلتۈر» ژۇرنىلى 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايلىق سانى 16 ـ بەت.

## 2. فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى

ئەتتار ھاياتتا كۆپ قېتىملىق بۇرۇلۇش ۋە تاللاشقا دۇچ كەلگەن، ھەر خىل بوران - چاپقۇنلۇق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتى تولىمۇ ئاز بولغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى سەمەرىلىك بولغان. ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا» دېگەن ئەسىرىدە ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەجمىنى 250 مىڭ بېيىتقا يېقىن دەپ كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھېلمۇت رىتتېرنىڭ «ئىسلام قامۇسى» دا بېسىلغان مەلۇماتىدا ئەتتار ئەسەرلىرى يېزىلىش تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن:

1) «ھەيدەرنامە». بۇ ئەسەر ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەن، 2) «دىۋان» - شېئىرلار، 3) «جاۋاھىرنامە»، 4) «شەرھۇل - قەلب» - قەلب شەرھى. 3-، 4-ئەسەرنى ئەتتارنىڭ ئۆزى يوق قىلىۋەتكەن، 5) «خۇسرەۋنامە»، 6) «ئەسرارنامە»، 7) «مەنتىقۇت - تەير»، 8) «مۇسىبەتنامە»، 9) مۇختارنامە»، 10) «ئىلاھىينامە»، 11) بۇلبۇلنامە»، 12) «پەندنامە» («نەسىھەتنامە»)، 13) «تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا» («ئەۋلىيالار تەزكىرىسى»)، 14) «مىئراجنامە»، 15) «گۇمگۇمنامە»، 16) «ۋۇسلەتنامە»، 17) «ئۇشتۇرنامە»، 18) «جەۋھەرۇز - زات»، 19) «ھەللاجنامە»، 20) «بەسەرنامە»، 21) «مەزھەرۇل - ئەجايىب» («مۆجىزىنىڭ كۆرۈنۈشى»)، 22) «لىسانۇل - غەيب» («غايىبات تىلى»)، يۇقىرىقىلاردىن باشقا «ھەفت ۋادىي» («يەتتە ۋادا»)، «ھەياتنامە» («تىرىكلىك ھەققىدە»)، «ۋەسىيەتنامە»، «كەنزۇل - ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر خەزىنىسى»). «كەنزۇل ئەسرار» («سىرلار خەزىنىسى»)، «ئىخۋانۇس سەفا» («پاك بۇرادەرلەر»)، «ۋەلەدنامە» («توغۇلۇش ھەققىدە»)، «مىفتاھۇل - فۇتۇھ» («ھۆكۈمدارلار ئاچقۇچى») قاتارلىق ئەسەرلەر ئەتتار ئەسەرلىرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەرىدە ئەتتارغا تەۋە دەپ قارىلىدۇ.



گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھېلمۇت رىتتېر ئەتتار ئەسەرلىرىنى مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن دەپ قارايدۇ:

بىرىنچى دەۋر: بۇ دەۋردە ئەتتار شېئىرىيەتنىڭ بارلىق سىرىنى ياخشى بىلىدىغان، سەنئەتكار ئۇستاز سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئەسەرلىرىدىكى ئۇششاق رىۋايەتلەرگە تەسەۋۋۇپقا خاس مەنا ۋە مەزمۇنلارنى قالتىس ماھارەت بىلەن سىڭدۇرۇپ ماڭىدۇ.

ئىككىنچى دەۋر: بۇ دەۋردە ئەتتار ئىجادىيەتتە پىلان ۋە تەرتىپكە ئۇنچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئەتتارنىڭ ئۆزىگە خاس

ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە بىر سۆز ھەر بىر مىسرانىڭ بېشىدا ئۇدا تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. ھەتتا بىر سۆز ئارقىمۇ ئارقا ھاياجان بىلەن 100 قېتىمدىن كۆپرەك تەكرارلىنىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. ئەتتاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك دۇنيا ئەدەبىياتىدا يوق دېيەرلىك.

ئۈچىنچى دەۋر: بۇ دەۋردە ئەتتارنىڭ ھاياجانلىق شىددىتى سۇسلاپ بىر خىل مېخانىكىلىق ، مەقسەتلىك ھالەتكە ئۆتىدۇ.

«دىۋان» — بۇ ئەتتارنىڭ غەزەل ۋە باشقا لىرىك شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ غايىلىرى بىر خىل لىرىك تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن.

«خۇسرەۋنامە» — بۇ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان ئادەتتىكى ئىشق - مۇھەببەت داستانى بولۇپ، داستاندا، رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ بىر كېنىزىكىدىن بولغان ئوغلى خۇسرەۋ بىلەن خۇزىستان پادىشاھىنىڭ قىزى گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن.

«ئەسرارنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان داستانلىرىنىڭ تۇنجىسىدۇر. داستان 26 ماقالاتتىن (قىسىمدىن) ئىبارەت بولۇپ، تەسەۋۋۇپقا خاس مەزمۇنلار قىسقا ھېكايەتلەرنىڭ ۋاستىسىدە ئىزاھلانغان.

«مەنتىقۇت - تەير» — بۇ ئەتتارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ



بىرىدۇر. داستاندا ئەتتارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، بولۇپمۇ ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى ئىنچىكە، ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. داستان بىر ئاساسىي ھېكايە ۋە نۇرغۇنلىغان قىسسە، ھېكايەت، رىۋايەت، مەسەل، تەمسىللەردىن تەركىب تاپقان.

«مۇسىبەتنامە» — بۇ داستانمۇ ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ غايىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان. داستاندا بىر سالىك ( سۇلۇك ئەھلى، تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىت) پىرنىڭ ئەمرى بىلەن ئىلاھىي زاتنى ئىزلەپ روھىي جەھەتتە ئەرشكە ساياھەت قىلىپ، ئىسراپىل، مىكائىل، ئەزرائىل قاتارلىق پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمىدە جەننەت، جەھەننەم، قۇياش، ئاي، تۆت ئاناسىر، تاغ، دېڭىز، ھايۋانات، قۇشلار، ئىبلىس، ئادەم، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، داۋۇت، ئەيسا، مۇھەممەت، ئەقىل، ھېس، خىيال، قەلب ۋە جان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇ ئىلاھىي زاتنى ئۆز قەلبىدىن تاپىدۇ. بۇ داستاننىڭ ئاساسىي ھېكايىسى « مۇسىبەتنامە» ، يەنى ئىلاھىي زاتنى ئىزدەش جەريانىدىكى قايغۇ-ئەلەملەرنىڭ بايانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن كىچىك ھېكايەتلەر كىرگۈزۈلگەن.

«مۇختارنامە» - بۇ ئەتتارنىڭ رۇبائىيلار توپلىمى بولۇپ، رۇبائىي توپلاملىرى ئىچىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئىلاھىينامە» — بۇ داستان بىر ئاساسىي ھېكايە ۋە 300 دىن ئارتۇق ھېكايەت، قىسسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالتە ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ: «دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلار نىمە» دەپ سورايدۇ. پادىشاھنىڭ بىرىنچى ئوغلى پەرىلەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى ئوغلى سېھىرگەرلىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۈچىنچىسى جامى جەمشىت(جەمشىتنىڭ جامى) نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، تۆتىنچىسى ئابىھايات(ھاياتلىق سۈيى) نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بەشىنچىسى سۇلايمان ئۈزۈكىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئالتىنچىسى ئالتۇنچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پادىشاھ ئالتە ئوغلىنىڭ ئارزۇسىغا قارىتا تەسەۋۋۇپ غايىسىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا ئۈندەيدۇ. بۇ ھېكايىلەردە ئەتتارنىڭ پادىشاھ تىلىدىن بەرگەن مۇلاھىزىلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بۇلبۇلنامە» — بۇ كىچىك بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇشلار سۇلايمان پەيغەمبەرگە، بۇلبۇل ئەتىگەنلىرى گۈلنىڭ ئىشقىدا سايراپ ئارامىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئەرز قىلىدۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر بۇلبۇلنى ھوزۇرىغا چاقىرتىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىر ئۆمۈر پەرياد چېكىشكە ئەمر قىلىدۇ.

«پەندنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان دىداكتىك داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ياخشى-يامان ئەقىدە-ئۇدۇم، ئىش-ھەرىكەت، سۆز ۋە ھادىسىلەر چوڭقۇر ئەمەلىي ئاساسلار بىلەن ئىجابىي نۇقتىدىن



شەرھلەپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدىكى مۇھىم دەرسلىك قاتارىدا قوللىنىلغان.

«تەزكىرەتۇل-ئەۋلىيا» — بۇ ئەتتارنىڭ بىردىن بىر نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭداكۆپلىگەن ئەۋلىيالارنىڭ ئىش-ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەر تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىدىيەۋى ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«مىئراجنامە» — بۇ ئەسەردە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بۇراققا مىنىپ يەتتىنچى ئاسمانغا چىققانلىقى ۋە ئۇ يەردە ئاللاھنىڭ جامالىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان.

«گۈمگۈمنامە» — بۇ ئەسەر كىچىك بىر ھېكايەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەيسا پەيغەمبەر چۆلدە بىر باش سۆڭەكنى تېپىۋېلىپ، دۇئا بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇ يەتتە ئىقلىمغا ھۆكۈمران بولغان بىر پادىشاھنىڭ بېشى بولۇپ، ئۇ ئەيسا پەيغەمبەرگە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇ ئىمان ئېيتىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

«ۋۇسلەتنامە» — بۇ ئەسەر ۋەھدەتى ۋۇجۇت غايىلىرى ۋە سوپىلارغا خاس ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەنسۇر ھەللاجىنىڭ مەۋقەسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئۇشتۇرنامە» — بۇ ئەسەردە بىر ئاساسىي ھېكايە بولىسمۇ

لېكىن بايان قىلىش ئۇسۇلى چېچىلاڭغۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەردە تەكرارلىق كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى يەنىلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى چىقىش قىلىدۇ. ئەسەردە بىر قورچاق ئوينىتىقۇچى ئۆز قورچاقلىرىنى سەھنىدە بىر-بىرلەپ ئويناتقاندىن كېيىن، ساندۇقىغا سېلىپ سولاپ قويىدۇ. ئەتتار بۇ ئارقىلىق ئىلاھىي زاتنىڭ ئالەمدىكى مەخلۇقاتلارنى ئەنە شۇ قورچاق قاتارىدا كۆرىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ. ئەسەردىكى يەنە بىر ھېكايىدە بىر مۇرىت ئىلاھىي زاتنى ئىزلەپ يەتتە قەۋەت سىرلار پەردىسىنى ئاچىدۇ ۋە ئاخىر غارايىب بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلۈكىنى چۈشىنىدۇ. غايىبتىن كەلگەن بىر سادا ئارقىلىق مۇرىت بىر مازاردىن سىرلىق بىر كىتابنى تېپىۋالىدۇ. كىتابتا ئىلاھىي زاتقا يېتىشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ يول مەنسۇر ھەللاجنىڭ فەنا تەلىماتى يەنى ئىلاھىي زاتنى ئىزلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئىستەكلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى تەشەببۇسى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەردىكى ھېكايەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەمزى مەناغا ئىگىدۇر.

«جەۋھەرۇز - زات» — بۇ ئەسەردىكى ئاساسىي پىكىر ئېقىمى فەنالىق بولۇپ، ئۇنىڭدا تامچىنىڭ دېڭىزغا قوشۇلغىنىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ئىلاھىي زاتقا قوشۇلۇشى يولىدىكى ئۇتلۇق ئىستەكلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ۋۇجۇدىدىكى ئىلاھىيلىقنى چۈشىنىپ ئۆزىنى دېڭىزغا ئاتقان بىر ياش بالىنىڭ ھېكايىسى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەردە يەنە، چۆلدە ئۆسكەن بىر



قومۇشنىڭ ئىلاھىي سىرلاردىن خەۋەردار بولغانلىقى، قومۇش كېسىلىپ نەي قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشۇ سىرلارنى پاش قىلغانلىقىدەك بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەتتار قومۇشنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىلاھىي سىرلارنىڭ ھامىيسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر ئىدىيە، ئىنسان ئۆزىنىڭ ماددىي پوستىدىن كېچىپ ئىلاھىي جەۋھەرنى ئاسرىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭغا ئىلاھىي زاتنى بىلىش شەرىپى مۇيەسسەر بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئەتتار بۇ ئەسەردە ئومۇمەن ئىلاھىي زاتنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنىڭ مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى يۇكسەك غايىلەرنى شەرھلەيدۇ.

«ھەللاجنامە» — ئەتتار بۇ ئەسەردە ئاساسىي مەقسەتنى ھەللاجنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىش ۋە شەرھلەشكە قارىتىدۇ. ئەتتار مەنسۇر ھەللاج ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئىدېئاللاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقەت سىرلىرىنى تونۇپ يەتكەن بەركامال ئىنساننىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقمەن) قارىشىنىڭ ئاساسلىرىنى ھەر تەرەپلىمە دەلىللەپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنسۇر ھەللاج ئىدىيىسىگە بولغان مايىللىقىنى نامايان قىلىدۇ.

«بەسەرنامە» — بۇ ئەتتارنىڭ كىچىك داستانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ فەنا، بەقا، ئىلاھىي زاتنىڭ روھى ۋە نۇرىغا ئۆزىنى بەخشەندە قىلىش مەسىلىلىرى ئالغا سۈرۈلگەن.

«مەزھەرۇل - ئەجايىب» — بۇ ئەسەر ئەتتار ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. داستاندا ھەزرىتى ئەلى ئوبرازى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتتارنىڭ ھاياتى، تەرجىمىھالىغا ئائىت قىسقا پارچىلار ۋە ئەتتارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەلۇماتلارمۇ مۇشۇ ئەسەردىن ئورۇن ئالغان.

«لىسانۇل - غەيىب» — بۇ ئەتتارنىڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شىئە مەزھىپىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىخلاس تۇيغۇلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىپتىخار بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەتتارنىڭ ئۆزىنى ئۆتكۈنچى دۇنيا غوۋغالىرىدىن خالاس قىلىپ، يوشۇرۇن، تەنھا ھالدا خۇداغا بېغىشلاشنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدىكى ئاشىقلارغا خاس قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «جەۋھەرۇز - زات» ئۈچ كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ، «ھەللاجنامە» بىلەن «ۋۇسلەتنامە» شۇ ئەسەرگە تەۋە ئىككى كىتاب ھېسابلىنىدۇ دېگەن قاراشلارمۇ مەۋجۇت، ھەتتا بەزىلەر، يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئەتتارغا تەۋە ئەمەس، باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار ئەتتار ئەسەرلىرىنى قېزىش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىر خىل ئۈچۈر ھېسابلىنىدۇ.



# ئىككىنچى باب
# فەرىدۇددىن ئەتتار دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى

شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەتتار دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىنى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئاۋانگارت ئىپادىسى بولغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتى تەشكىل قىلىدۇ. تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىدىيىۋى ئاساسلارغا ئىگە، مۇرەككەپ، شۇنداقلا جەلىپكار پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەتتار ئەنە شۇ ئېقىمنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان غوللۇق سىيمالارنىڭ بىرى. شۇ سەۋەبتىن ئەتتارنىڭ دۇنيا قارىشى ھەققىدە ئىزدىنىش غايەت زور ئەقلىي قۇۋۋەت، زېھنىي دىت، ئەتراپلىق كۆزىتىش، ئىنچىكە تەھلىل تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك جەريان.

ئەتتارنىڭ دۇنيا قارىشى ھەققىدە توم - توملاپ ئەسەر يېزىش مۇمكىن. چۈنكى، ئەتتارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى شۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەتتارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى شۇ قەدەر بۈيۈك بىر ئۇممان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭغا قانچىكى چوڭقۇر چۆككەنسېرى شۇنچىكى قىممەتلىك، شۇنچىكى كۆپ جاۋاھىراتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق بۈيۈك ئۇممانغا چۆككىدەك شىجائەت ۋە ماداردىن ئۆزىنى يىراق ھېس قىلغان كەمىنىنىڭ بۇ ئىنتىلىشلىرىنى قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەنە شۇ ئۇمماندىن بىر تامچە مىسالىدا

قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى — مەيلى ئۇ بىۋاسىتە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەرنى ئاساس قىلغان ئەسەر بولسۇن ياكى سىمۋوللۇق، بېشارەتلىك ئەسەر بولسۇن ئالدى بىلەن ئەتتارنىڭ دۇنيا قارىشىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى يولى ( ئەگەر شۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە) ئىلاھىي سىرلارنى تەرەننۇم قىلىشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەتتار شائىر پەيلاسوپ ئەمەس، بەلكى پەيلاسوپ شائىر. بۇ نۇقتىنى 15 – ئەسىر تارىخچىسى دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى تەھقىقلەپ، « شائىرلىق ئۇنىڭ كەسپى، ئادىتى ئەمەس ئىدى» دەپ يازىدۇ. دېمەك، ئەتتارنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدە دېگۈدەك ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ « مەنتىقۇت - تەير» (« قۇشلار نۇتقى» ) ئەتتارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆگىنىشتە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«مەنتىقۇت - تەير» قويۇق سىمۋولىستىك تۈسكە ئىگە، كۆپ قاتلاملىق پەلسەپىۋى، روھىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي غايىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان مۇرەككەپ داستان. ئۇنىڭ باش تېمىسى ئىلاھىي زات بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە بېغىشلانغان. ئەسەر باش تېمىنى يىپ ئۇچى قىلغان بىر ئاساسىي يېتەكچى ھېكايە ۋە ئاساسىي غايىنى دەلىللەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەسەل، مىسال خاراكتېرلىك كۆپلىگەن كىچىك ھېكايەتلەردىن تەركىب تاپقان.

«مەنتىقۇت - تەير» داستانىدا ئاساسىي ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىشى بىلەن بارلىق قۇشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، بەزمە ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. بىراق، بەزمىدىكى تەرتىپ مەسىلىسىدە، يەنى ئورۇن -



مەرتىۋە، ئىززەت - ھۆرمەت، شەرەپ - سالاھىيەت، ئۇلۇغلۇق - پەسلىك، كەمتەرلىك ۋە مەنمەنلىك ، ئۆزىنى بىلىش ۋە بىلمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەردە زىددىيەت كېلىپ چىقىپ ماجىرا يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە قۇشلار ئۆزلىرىگە ئىنساپ - دىيانەتلىك، ئادىل، ھەققانىي بىر پادىشاھ سايلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ، شۇ ئارقىلىق ئۆز جامائىتىدە يۈز بەرگەن جېدەل - ماجىرا، تەپرىقىچىلىك ھالەتلىرىگە بەرھەم بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھۆپۈپ قۇشلارغا سۇمۇرغدىن بېشارەت بېرىپ ، قۇشلارنىڭ ئەسلىدىنلا بىر پادىشاھىنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنىڭ قۇشلارنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ گەرچە قۇشلارغا شۇنچىلىك يېقىن بولسىمۇ قۇشلارنىڭ غاپىللىق ۋە نادانلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ، شۇ سەۋەبتىن قۇشلار ئارىسىدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك، تەپرىقىچىلىك ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، قۇشلار ئەنە شۇ سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىغا نائىل بولسىلا بارلىق تەھلىكە ۋە نىزالاردىن پارىغ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قۇشلار خۇشال بولۇپ ھۆپۈپنى ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ سۇمۇرغنىڭ دەرگاھىغا باشلاپ بېرىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ھۆپۈپ سۇمۇرغنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىش جەريانىدا دۇچ كېلىشى مۇقەررەر بولغان ھەر خىل جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەت، سىناق ۋە پەللىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايان قىلىدۇ. ئېنىقكى، ئەتتار بۇ يەردە ھۆپۈپ ۋە قۇشلار مىسالى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەرىقەت ئىدىيىسىنى بايان قىلىدۇ. يەنى پىر - ئۇستازغا سىمۋول قىلىنغان ھۆپۈپ ئارقىلىق ئازغان، غەپلەتتە قالغان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان قۇشلارنى تەرىقەتكە دالالەت قىلىدۇ.

تەرىقەت — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى يول، ئۇسۇل دېگەندىن

ئىبارەت. ئادەتتە بۇ سۆز تەسەۋۋۇپ يولىغا قەدەم قويغان مۇرىتنىڭ مۇراد، يەنى مەقسەت يولىدا روھىي، جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن ئۆزىنى پاكلاپ، كامالەتكە ئىنتىلىش، ئىلاھىي مەرىپەتنى ئىگىلەپ ھەقىقەتكە، يەنى جەۋھەرىي زاتنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ - پەللىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا مۇرىت مەقسەتكە يېتىش يولىدا بېسىپ ئۆتۈشى زۆرۈر بولغان بىر يۈرۈش باسقۇچ - پەللە بولۇپ، بىر قىسىم تەلىماتچىلار بۇلارنى شەرىئەت، تەرىقەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئۈچكە، بىر قىسىم تەلىماتچىلار شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت تۆتكە، يەنى بىر قىسىم تەلىماتچىلار بولسا تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلىدۇ. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر مەرىپەتنى ھەقىقەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ ئۇنى باسقۇچلار قاتارىدىن ساقىت قىلىدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىچە، شەرىئەت ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئەقەللىي شەرتلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرىقەتتە شەرىئەتنىڭ ئاساسىي مىزانلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆپ ھاللاردا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنماستىن مەقسەت تەرىقەت باسقۇچىدىن باشلىنىدۇ.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرى تەرىقەتنى «چىن، توغرا يول» دەپ تەرىپلەشكەن. تەرىقەت ئەھلى ئۈچ نەرسىدە يەنى دەم، قەدەم، كەرەمدە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشلىرى كېرەك. بۇنىڭدىكى دەم — ئورۇنسىز گەپلەردىن ئۆزىنى تارتىشنى، قەدەم — بىھۇدە ئىشلارغا قەدەم قويماسلىقنى، كەرەم — پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىت دۇنيا مەئىشىتىدىن،



ھىرس - ھەۋەستىن، جىسمانىي راھەت - پاراغەتتىن، كىبىر ۋە ھاۋادىن، قۇرۇق شان - شۆھرەتتىن، غەپلەت ۋە جاھالەتتىن ۋاز كېچىپ، روھىي دۇنياسىنى تاۋلىشى، پۈتۈن ئىرادىسى ۋە پىكىر - خىيالىنى ئۆز مەقسىتى تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك.

تەرىقەت يولىدا ئېتىقاد بىلەن غەپلەت، ئىرادە بىلەن ئىككىلىنىش، تاۋلىنىش بىلەن پۇشايمان، تاللىنىش بىلەن شاللىنىش ئوتتۇرىسىدا ھەر ۋاقىت زىددىيەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ يولدا ئېتىقادى چىن، ئىرادىسى مۇستەھكەم، تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلارلا تاللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، «مەنتىقۇت - تەير» دە قۇشلار سۇمۇرغىنىڭ ئىلاھىي ئىشق ئوتىغا پەيۋەندە بولۇپ زوق - شوق بىلەن بۇ يولغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، يوقىرىقىدەك زىددىيەتلىك سىناقلارغا بىر بۆلۈك قۇشلار بەرداشلىق بېرەلمەي، ھۆپۈپكە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ سەپتىن قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەتتار تەرىقەتنىڭ بىر مۇشكۇل باسقۇچ ئىكەنلىكىنى، گەرچە بۇ يولغا نۇرغۇن كىشىلەر كىرسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭلا بۇ يولنىڭ جاسارەتلىك يولۇچىلىرى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

## 1. «شەيخ سەنئان قىسسىسى» ۋە پىر - مۇرىتلىق مىزانى

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا «شەيخ سەنئان قىسسىسى» ئاجايىپ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە باي، نازۇك بەدىئىي تۈيغۇلار جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سالىدىغان، ئۆلمەس قىسسىلەرنىڭ بىرى. ئەتتار

«مەنتىقۇت ـ تەير» دە بۇ قىسسىدىن پەيلاسوپلارغا خاس پاراسەت، شائىرلارغا خاس نەپىسلىكنىڭ تۈرتكىسىدە ماھىرانە پايدىلىنىدۇ.

قىسسىنىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق: شەيخ سەنئان ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر پىرى بولۇپ، ئىلمۇ ئىرپان، كارامەت ۋە ئالامەتتە يېگانە كىشى ئىدى. ئۇ مەككىدە 50 يىل شەيخلىق قىلغان بولۇپ، تۆت يۈز مۇرىتى بار ئىدى. 50 قېتىم ھەج قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۆمرە ھەجنى ھەرگىز قولدىن بەرمىگەنىدى.

بىر كېچىسى شەيخ سەنئان چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە رۇمدا يۈرگەن ئىمىش ۋە بىر بۇت ـ سەنەمگە سەجدە قىلىۋاتقان ئىمىش. شەيخ ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشىدىن غەمكىن بولدى. سەنئان مۇرىتلىرىنى يىغىپ بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلىش ئۈچۈن، رۇمغا بېرىشنى نىيەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. مۇرىتلىرىمۇ شەيخكە ئەگىشىپ بۇ سەپەردە ئۇنىڭغا يولداش بولدى. ئاخىر شەيخ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى رۇمغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار رۇمدا بىر شەھەردىن ئۆتۈۋاتقاندا بىر ھەشەمەتلىك ئايۋاندا ئولتۇرغان بىر ناسرانيي قىزغا كۆزى چۈشتى. بۇ ناسرانيي قىز ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز، گۈزەللىك ـ ئالىمىنىڭ قۇياشىدەك پارلاق ئىدى. شەيخ سەنئان قىزغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۆزىنى يوقىتىپ ھالسىزلاندى. بۇ تەرسا قىز شەيخ سەنئاننىڭ چۈشىگە كىرگەن سەنەمنىڭ ئۆزى ئىدى.

شەيخنىڭ مۇرىتلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، شەيخنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما شەيخكە نەسىھەت كار قىلمىدى، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. مۇرىتلار شەيخنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ ئىمان، ۋەسۋەسە، گۇناھ، كۇپرى ۋە تەۋبەدىن سۆز ئاچتى. لېكىن، شەيخ ئۇلارغا ھېكمەتلىك، يالقۇنلۇق ۋە



كۆچلۈك سەۋەب ـ نەتىجىلىك سۆزلەر بىلەن رەددىيە بەردى. شەيخنىڭ مۇرىتلىرىغا بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى جاۋابى «بۇ ئوتنى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ھەقنىڭ ئۆزى سالدى، مەن بۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۆزۈمدىن نېرى قىلالمايمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

شەيخ سەنئان پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن تەرسا قىزنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىلدى، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىزا ـ ئاھانەت، دەشنام ئاڭلاپ خاكسار بولۇپ ياتتى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەيخ ھالىدىن كېتىپ ئىشق دەردىدە كېسەل بولۇپ قالدى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان تەرسا قىز تاشقىرىغا چىقىپ شەيخكە مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سەن راستىنلا ئاشىق بولساڭ تۆۋەندىكى تۆرت شەرتنى بېجىرىشىڭ كېرەك؛ بىرىنچىدىن، بۇتقا سەجدە قىلىسەن، ئىككىنچىدىن، قۇرئاننى كۆيدۈرىسەن، ئۈچىنچىدىن، شاراپ ئىچىسەن، تۆتىنچىدىن، ئىماندىن يانىسەن.

ئاشىق ـ بىقارارلىق يولىدا جىسمى ئۆرتەنگەن شەيخ شاراپ ئىچىشكە ماقۇل بولىدۇ. تەرسا قىز شەيخكە ئۆز قولى بىلەن شاراپ قۇيۇپ بېرىدۇ. ۋىسالى دىدار يولىدا شاراپ ئىچكەن شەيخ تەرسا قىزنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ھوشىنى يوقىتىپ قالغان شەرتلەرنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەمما، تەرسا قىز بۇنىڭلىق بىلەنمۇ شەيخنىڭ ۋىسال تەشنالىقىنى قانائەتلەندۈرمەيدۇ، ئەكسىچە شەيخنى ۋىسال ھەققى (نىكاھ پۇلى) تۆلەشكە قىستايدۇ ھەمدە شەيخنىڭ ھېچ نەرسىسى يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ۋىسال ھەققى ھېسابىغا ئۆز چوشقىلىرىنى بىر يىل بېقىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەيخ ئامالسىز چوشقا بېقىشقا ماقۇل بولىدۇ. دەل مۇشۇ يەردە ئەتتار ئۆزىنىڭ

تەرىقەت ھەققىدىكى خىتابىنى بېرىدۇ: «ئەي مەرد ، ئەگەر تەرىقەتكە قەدەم قويىماقچى بولساڭ، بۇ يولدىكى بۇتلار، چوشقىلار كەبى مىڭ تۈرلۈك بالالاردىن قورقما. ئەگەر تەرىقەت يولى شۇنداق ئازابلىق بولمىغاندا شەيخ سەنئانىدەك مۇسۇلمانمۇ رەسۋا بولۇپ رۇم شەھىرىدە غوۋغا كۆتۈرمەس، سەرگەردان بولماس ئىدى».

تەرىقەت يولى شۇ قەدەر جاپا - مۇشەققەتلىك، ئازاب - ئوقۇبەتلىك يول ئىكەنكى ئۇنى بىرەر رەھنەمانىڭ ھىمايىسىسىز پايانىغا يەتكۈزۈپ بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىت - تەلەپكار چوقۇم بىر پىر - ئۇستازغا قول بېرىپ، بۇ يولدا ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى، مەدەت بېرىشى، ھەر خىل جاپا - مۇشەققەتلەر ئارا ئالغا ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. مانا بۇ تەرىقەت يولىدىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى — پىر - مۇرىتلىق ھالقىسىدۇر.

پىر - مۇرىتلىق مۇناسىۋىتىدە مۇرىتنىڭ ئاساسىي خىسلىتى تەلەپكار بولۇش، پىرى كامىلنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە سۆزسىز رىئايە قىلىشى كېرەك. پىرغا قول بەرمىگەن مۇرىت تەرىقەت يولىدا مۇستەقىم تۇرالمايدۇ، مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇرىتنى چەكسىز ئوكيانغا كىرگەن كېمىگە، پىرنى شۇ كېمىنى توغرا يولغا سالغۇچى كېمىچىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. كېمىچىدىن ئايرىلغان كېمىنىڭ تەقدىرى ۋەيران بولۇشتۇر.

شەيخ سەنئانىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ مۇرىتلارنىڭ ئۇنىڭدىن رايى قايتىدۇ ھەمدە مەككىگە قايتىپ كېتىدۇ. شەيخ بولسا تەرسا قىزنىڭ چوشقىسىنى بېقىشقا كىرىشىدۇ.

شەيخ سەنئانىنىڭ يەنە بىر زېھنى ئۆتكۈر مۇرىتى بار بولۇپ، شەيخ



رۇمغا ماڭغاندا ئۇ مەككىدە يوق ئىدى. ئۇ باشقا مۇرىتلارنىڭ شەيخنى تاشلاپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. باشقا مۇرىتلار بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەقىللىق مۇرىت بۇ قىسسىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باشقا مۇرىتلارغا شۇنداق دەيدۇ:

— ئەي نائەھلى بىۋاپا يارلار، يارلىق ۋە دوستلۇققا مۇۋاپىق ئىش قىلماپسىلەر، ئەكسىچە، نامەردلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپسىلەر. ساداقەتلىك مۇرىت، پەيۋەندىلىك يار بولساڭلار ئېغىر پەيتىدە ئۇنىڭغا ياراپ، بىرگە بولۇپ، دەردىگە مەلھەم بولار ئىدىڭلار. ئەگەر ئۆز شەيخىڭلارنىڭ يارى بولساڭلار ھەر قانداق شارائىتتا ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشۇڭلار لازىم ئىدى.

نومۇس قىلىڭلار، ساداقەت، ۋاپا، پىر ھەققىنى ئادا قىلىش شۇمۇ؟ ئەگەر شەيخىڭلار بېلىگە زۇننار باغلىغان بولسا سىلەرمۇ دەرھال بېلىڭلەرگە زۇننار باغلىشىڭلار كېرەك ئىدى.

ئەگەر ئۇ تەرسا بولسا ھەممىڭلار ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تەرسا بولۇشۇڭلار كېرەك ئىدى. سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار يارلىق ۋە مۇۋاپىقلىق ئەمەس، بەلكى مۇناپىقلىق ۋە دۈشمەنلىكتۇر. ئۆز يارىنىڭ دوستى بولىدىغان ئادەم ئەگەر يارى كاپىر بولسىمۇ يارلىقنى تەرك قىلماسلىقى كېرەك. شەيخ دېڭىزغا چۆكۈپ لەھەڭنىڭ كامىغا چۈشۈپتۇ، سىلەر بولساڭلار قورقۇپ ئۇنى تاشلاپ قېچىپسىلەر.

مانا بۇ ئەتتارنىڭ پىر - مۇرىتلىق مىزانى، ئەتتارنىڭ تەرىقەت چۈشەنچىسىدىكى ئۇزەك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئەتتارنىڭ بۇ قاراشلىرى ھېچقانداق شەرھىگە ھاجەت ئەمەس.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇرىتلار رۇمغا بارىدۇ، شەيخ مۇرىتلىرىنى كۆرۈپ ئېسىگە قايتىدۇ ھەمدە مۇرىتلىرى بىلەن بىرگە مەككىگە

يېنىپ كېلىدۇ. تەرسا قىز بىر كېچىسى ئاجايىپ چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە بىر ئىلاھىي نىدانى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ھەق يولىغا كىرىپ شەيخنىڭ كەينىدىن مەككىگە يول ئالىدۇ. بۇ خەۋەر شەيخكە يېتىدۇ ھەمدە شەيخ قىزنىڭ ئالدىغا يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يولدا ئۇچرىشىدۇ، ئەمما قىز جەبىر ـ جاپا دەستىدىن ھالى خاراب بولغانىدى. قىز تەۋبە قىلىپ شەيختىن ئۆزىنى ئىمانغا باشلاشنى سورايدۇ، شەيخ ئۇنىڭغا ئىمان ئۆگىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىز جان ئۈزىدۇ. كۆز ئالدىدىكى بۇ ھالنى كۆرگەن شەيخ دەردۇ ئەلەم ئىلكىدە بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ. مۇرىتلار بۇ ئىككى سەكپارنىڭ جەسىتىنى يانمۇ يان دەپنە قىلىدۇ. بۇ ئىككى قەبرىدىن ئىككى تۈپ سەرۋ دەرىخى ئۆسىدۇ. بۇ يەردە يەنە زىلال سۇلۇق بۇلاق پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ سۈيى بەھرىدە ئەتراپ يېشىللىققا پۈركىنىدۇ ھەمدە كېيىنچە كىشىلەرنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلىنىدۇ. دەرد ـ ھەسرەت ۋە مۇڭ بىلەن بېزەلگەن «شەيخ سەنئان قىسسىسى» نىڭ قىسقىچە بايانى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، «شەيخ سەنئان قىسسىسى» نوقۇل ھالدا ئەتتارنىڭ پىر ـ مۇرىت قارىشىنى شەرھلەشكىلا بېغىشلانغان ئەمەس. ئۇنىڭدا يەنە بېشارەتلىك، سىمۋوللۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق كامىل ئىنسان، ئىلاھىي ئىشق، ۋاپا ۋە ساداقەت، غاپىللىق ۋە ئەسلىگە قايتىش، گۇناھ ۋە تەۋبە، قىسمەت ۋە مەغپىرەت، كۈيۈرلۈق ۋە پاكلىنىش، سىناق ۋە ئىرادە قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆتكۈر مەسىلىلەر ئەقلىي ۋە ھېسسىي قايىلمەنلىك نۇقتىسىدا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەتتار ئاخىرىدا «شەيخ سەنئان قىسسىسى» نى خاراكتېرلەپ



«ئەتتارنىڭ قىسسىسى بىر ئاي يۈزلۈك قىز ئۈچۈن ئەمەس» دەيدۇ. دېمەك، بۇ قىسسىنىڭ ئورامى پەقەت بىر ئاي يۈزلۈك قىزغىلا قارىتىلغان ئەمەس، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىلاھىي سىر ۋە مەنا يوشۇرۇنغان. مانا بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىسسىنى ھەزىم قىلىشىدىكى بىردىنبىر ئاچقۇچ، شۇنداقلا ئەتتارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى. مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىلا قىسسىگە قايىلمەنلىك بىلەن يانداشقىلى بولىدۇ.

## 2. فەرىدۇددىن ئەتتار ۋە تەرىقەت

تەرىقەت — تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى مۇھىم باسقۇچ، يەنى پەللىلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ غايەت كەڭ مەنە ۋە كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر يۈرۈش مەقاملارغا بۆلۈنىدۇ.

مەقام — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئورۇن، مەنزىل، مەرتىۋە، مەۋقە دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ سۆز تەسەۋۋۇپتا تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىتنىڭ يېتىشى زۆرۈر بولغان ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى كامالەت تەرتىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەتتار ئۆز تەلىماتلىرىدا تەرىقەت مەسىلىسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەكىتلەيدۇ ھەم ئۇنى ئىبرەتلىك مىسال، قايىل قىلارلىق ئەمەلىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئەتراپلىق شەرھلەيدۇ. ئەتتارنىڭ تەرىقەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىشى ھەرگىزمۇ ئەتتارنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئەقىدە، ئىخلاس، تەقۋادارلىق بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى بارلىق ئىنسان ئۈچۈن ئورتاق مۇكەممەل غايىلەرگە ئاساس ھازىرلىغان

مۇتەپەككۇرلارغا خاس بېشارەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەتتار ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان مەرىپەت ئىگىسى ، ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن تەۋەررۇك ئۇستاز بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تەرىقەتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئۆتكەلنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنەتتى.

ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا تەرىقەت ئىنسان ئۈچۈن بىر مەكتەپ. بۇ مەكتەپنىڭ مەقسىتى ئىنساننى روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ تاكامۇللۇققا يۈزلەندۈرۈش، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئىنسانىي ساپانى مۇستەھكەملەش. تەرىقەت ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىغا ئىگە بىر تۈرلۈك تەربىيە سىستېمىسى. ئۇنىڭ يۆنىلىشى ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قەلب كۆزىنى ئېچىش.

نېمە ئۈچۈن تەرىقەت تەربىيىسى روھ ۋە قەلبىدىن باشلىنىدۇ؟ چۈنكى، روھنىڭ مەسكىنى قەلب. قەلب ئىنساننىڭ ماھىيىتى، ماھىيەتتە بۇرۇلۇش بولماي تۇرۇپ ئەمەلدە بۇرۇلۇش بولمايدۇ. ئەتتار روھ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

پۈتۈن ئالەملەرنىڭ ھەممىسى سەن بىلەن ياشنايدۇ، سەن بىلەن مۇستەھكەم، ئاسمان ۋە يەر ساڭا باغلانغان. سەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانسەنۇ، لېكىن بىزدىن يىراقسەن، كۆزگە كۆرۈنمەيسەنۇ، بىراق كۆزنىڭ ئۆزىدىسەن. جەننەت، دوزاخ، قىيامەت - بۇلارنىڭ ھەممىسى نامىڭنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان ئامانەت سۆز، بەلگە، ئوخشىتىش، خالاس.

بۇ پارچىدىن شۇنى ھېس قىلىش مۇمكىنكى، ئەتتارنىڭ نەزىرىدە روھ كائىناتنىڭ مىزانى. ئۇنىڭدا جەننەت ۋە دوزاخ ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئىجابىيلىق ۋە سەلبىيلىكتىن ئىبارەت ئۆتكۈر زىددىيەت



مەۋجۇت. ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇ زىددىيەتنىڭ نەتىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەربىيە روھتىن باشلىنىشى كېرەك. روھتىكى سەلبىي ئىللەتلەر تازىلىنىپ، ئىجابىي خىسلەتلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلغاندىلا ئىنساننىڭ قەلب كۆزى ئېچىلىدۇ، ئۆزىدىكى ئىلاھىي پەزىلەتلەرنى تونۇشقا باشلايدۇ.

تەرىقەتتىكى مەقاملارنى ئادەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلىش جەريانىدىكى تەربىيىلىنىش باسقۇچلىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ باسقۇچلار ھەر بىر تەرىقەت تەلىماتچىلىرىنىڭ چۈشەنچىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ سانىمۇ بىردەك ئەمەس. بەزىلەر بۇلارنى ئالتە دېسە، بەزىلەر توققۇز دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ دەپ قارايدۇ. بىز ئەتتار ئىدىيىسىنى ئىمكانقەدەر كەڭرەك دائىرىدە چۈشىنىشكە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، تەرىقەتتىكى ئالتە مەقام - باسقۇچ ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

تەرىقەتتىكى تۇنجى مەقام — تەۋبە بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى قايتىش دېگەنلىكتۇر. تەرىقەت يولىغا كىرگەن مۇرىتنىڭ نىيەت ۋە ئىخلاسى تەۋبە ئارقىلىق ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. تەۋبىنىڭ ھەقىقىتى مۇرىتنىڭ ئۆز نۇقسانلىرىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پارىغ بولۇشقا ئىنتىلىش، كۈپرىدىن ۋە بارلىق يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش، ئادالەتسىزلىكلەردىن خالىي بولۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىنسانىي ھەق ۋە پەزىلەتلەردە ئايان بولىدۇ.

تەۋبە — ئىنسان ئۈچۈن بىر خىل ئىنايەت، تەۋبە قىلىش ئۆزىنى تونۇشنىڭ مۇقەددىمىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتار « شەيخ سەنئان قىسسىسى» دە پەيغەمبەر تىلى ئارقىلىق ئىنسانغا شۇنداق خىتاب

قىلىدۇ: « سەن شۇنىڭغا ئىشەنكى، ئالەم - ئالەم گۇناھ بولسىمۇ بىر تەۋبە تۈپەيلى كەچۈرۈلىدۇ» ①.

ھېكايەت :

پىرى كامىل بايەزىد بەستامى مۇنداق دېگەن :

— بىر كۈنى تەۋھىد (تەنھالىق) مەقامىنىڭ غالىب ئىشارىتىدىن سەھراغا چىققانىدىم. ئۆزۈمدە قىلچە ئىختىيار يوق ئىدى. بىر خالتا ئۇن كۆتۈرۈۋالغان بىر كەمپىر ئۇچراپ ماڭا «كەل، بۇ خالتىدىكى ئۇنۇمنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەر» دېدى.

مېنىڭ خالتىدىكى ئۇننى كۆتۈرۈشكە ھەپسىلەم يوق ئىدى. شۇڭا، بىر شىرنى ئىشارەت بىلەن چاقىرىپ، ئۇننى شىرغا يۈكلەپ بەردىم؛ ھەمدە كەمپىرگە:

— شەھەرگە بارساڭ كىمنى كۆردۈم دەيسەن؟ — دېدىم.

كەمپىر:

— بىر زالىم ۋە تەكەببۇرنى كۆردۈم دەيمەن — دېدى.

مەن :

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دەيسەن، — دېسەم، كەمپىر:

— ئاللاتائالا شىرنى بەندىسىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ياراتمىغان. سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى خىزمەتكە سالىسەن؟ بۇ زۇلۇم ئەمەسمۇ؟ — دېدى. مەن:

— بۇغۇ توغرا، تەكەببۇر دېگىنىڭ نېمە ئۈچۈن، — دەپ سورىدىم. كەمپىر:

① « ئىلاھىينامە» . تاشكەنت. « يازغۇچى» نەشرىياتى 1994-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 64-بەت.



— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سېنىڭ خاھىشىڭ شىرنىڭ ساڭا بويسۇنغانلىقى ۋە پەرمانبەردار بولغانلىقىنى شەھەر خەلقىگە بىلدۈرۈشتۇر. دەرۋەقە، سەن كارامەت ئىگىسىسەن. ئەمما، بۇ تەكەببۇرلۇق ئەمەسمۇ ؟ — دېدى. مەن دېدىم:

— توغرا، شۇنداق. بۇنىڭ ئۈچۈن تەۋبە قىلدىم. ئېگىزدىن پەسكە چۈشتۈم. سەن ماڭا پىردۇرسەن.

ئىككىنچى مەقام — ۋەرەئىي بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىق دېگەندىن ئىبارەت. ۋەرەئىي مۇرىتتىن تۈرلۈك بولغىنىشلاردىن، شۈبھىلەردىن ئۆزىنى ئاسراشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ۋەرەئىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەكلى بار ئىكەن. بىرىنچى، تىل ۋەرەئى، يەنى تىلنى بىمەنە گەپلەردىن ئاسراش، غەيۋەت - شىكايەت قىلماسلىق؛ ئىككىنچى، كۆز ۋەرەئى، شۈبھىلىك نەرسىلەرگە قارىماسلىق؛ ئۈچىنچى قەلب ۋەرەئى، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش، تەمەدىن ساقلىنىش، پەسلىك ھېسلىرىنى تەرك قىلىش. قىسقىسى تىل، كۆز، قەلبتە پەرھىزلىك بولۇش، تۈرلۈك نەپسى بالاسىدىن قۇتۇلۇش، ھارامغا يېقىن يولىماسلىق، ئۆزىنى پاك تۇتۇش ۋەرەئىنىڭ ئاساسى تەشەببۇسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ھالاللىق ۋە پاكلىق تەرىقەت يولىغا كىرگەن ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. چۈنكى، بۇ ئادەمنىڭ نىيەت ۋە ئىقبالىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل. نىيەت ۋە ئىقبالى دۇرۇس بولمىغان ئادەم تەرىقەت مەنزىلىگە قەدەم قويالمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى خاراب قىلىدۇ. شۇڭا، ئەتتار يازىدۇ: « ئەگەر دانىشمەن بولساڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىشكىنى ياپ! ئادەم پەرزەنتىنىڭ ھىرسى بۇنچە كۆپ

بولمىسا، ئۇ ئالەمدە مۇنچىلىك ھەيرانۇ سەرگەردان بولمايتتى. ئەي ھىرىسلار بىلەن قەلب كۆزى كور بولغان كىشى، تا سەن ئۆلگۈچە ھىرىسىڭ يارىسىغا پەقەت ئۆلۈم داۋا بولالايدۇ» ①. ئادەمنى بۇلغايدىغان ۋە شەرمەندە قىلىدىغان نەرسە نەپستۇر. نەپسى بالاسىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ تەرىقەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ ھەتتا ئىماننى زەئىپلەشتۈرۈپ ئادەمنى جاھالەتكە باشلايدۇ. ئەتتار «ئىلاھىينامە» دىكى بىر ھېكايەتتە پەرى سىياقىغا كىرىۋالغان نەپسى تىلىدىن مۇنۇلارنى يازىدۇ: «مەن نەپسىمەن، كۆرۈنۈشتە چىرايلىق، دىلكەشمەن. ھەممىنى مەپتۇن قىلىمەن، دائىمغا تارتىمەن، مەغلۇبلارنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالىمەن. مەن تۈرلۈك قىياپەتكە كىرەلەيمەن. ئەگەر نەپسى ئەمارە — شەيتانىي نەپسى بولسام، ئىت ۋە قاۋاندىن بولغان بولىمەن، شۇ مەخلۇقلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىمەن. خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئىنساننىڭ ئىماننى يىمىرىشكە باشلايمەن، ئۇنى پەسلىككە تارتىمەن. شۇنىڭدا ھېچكىم مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، كىشىلەرنىڭ بېشىغا پالاكەتلەر كەلتۈرىمەن، بالالارنى ياغدۇرىمەن.» ②

ئۈچىنچى مەقام — فەقىرلىك بولۇپ، ئۇ ماددىي موھتاجلىقنى يېڭىپ، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى، ئۇلۇغۋار ئىلاھىي ماھىيەتنى ئىگىلەپ، ئىخلاسمەن، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ، بارلىقىنى ھەق يولىغا ئاتاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەتتار بۇ نۇقتىنى «مەنتىقۇت - تەير» دە شۇنداق بىر ھېكايەت

---

① «ئىلاھىينامە» 10-بەت.
② «ئىلاھىينامە» 50، 51-بەتلەر.



ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتىدۇ:

بىر پاك ئىنسان ھۇزۇرىدا مۇھەببەت ھەققىدە سۆز بولۇۋاتاتتى، ئولتۇرغانلاردىن بىرى دېدى:

— مەن ئالتۇن ئاشىقمەن، پۇلنى، بايلىقنى سۆيىمەن. ئالتۇن ئىشقى ۋۇجۇدۇمدا جان بىلەن باراۋەردۇر. ئەگەر قولۇمدا ئالتۇن گۈلدەك ئېچىلىپ يالتىراپ تۇرمىسا، مەنمۇ گۈلدەك كۈلۈپ تۇرالمايمەن. دۇنيا ئىشقى مېنى غەملەردىن ئازاد قىلدى. ئادەملەر ئارىسىدا ئابرۇي - ئېتىبارلىق بولدۇم. مەن ئالتۇنپەرەسمەن، مېنىڭ سېغىنىدىغان تەڭرىممۇ ئالتۇندۇر.

شۇندا پاك، خۇداپەرەست ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ئەي ماھىيەتكە ئەمەس، سۈرەتكە شەيدا بولغان، سۈرەتنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەن ئادەم، كۆڭلۈڭدىن ساپا سەھىرىنىڭ نۇرى يىراق ئىكەن. سەن چۈمۈلىگە ئوخشايسەن. كاۋاكلاردىن باشقا نەرسىنى بىلمەيسەن. سۈرەتكە گىرىپتار بولۇپ كېچە - كۈندۈز دېۋانىدەك چاپىسەن. سۈرەتكە شەيدا بولۇپ قالمىغىن، مەنانى ئىزلە، سۈرەت ئەرزىمەس نەرسىدۇر، ھەقىقىي ماھىيەت مەنادۇر. ئالتۇن كۆرۈنۈشى بويالغان تاشتۇر. سەن كىچىك بالىغا ئوخشاش رەڭ - بوياقلارغا پەيۋەندە بولۇپسەن. سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭ ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ ئالتۇنلار بىلەن ھېچكىمگە ياردەم بېرەلمەيسەن. سەن ئويۇنچۇقلاردىن لەززەت تاپىسەن، نۇرنىڭ نۇردىن شادلىنىسەن. سەن ماھىيەتكە ئىنتىلمەيسەن، نۇرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدىمەيسەن. پاك جېنىڭنى ئالتۇننىڭ ئىسكەنجىسىدىن خالاس ئەت، ئەي جان، ئاخىر، ماھىيەت - مۇتلەقىيەتنىڭ ئاشىقى بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى مەقام — سەبر بولۇپ، تاقەت، چىدام دېگەن مەنىلەرنى

بىلدۈرىدۇ. مۇرىتلىق يولىدا ھەر قانداق مۇشكۇللۇكلەرنى سەۋر بىلەن يەڭگەن مۇرىت ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە چوقۇم يېتەلەيدۇ. سەۋرسىزلىك ۋە ئىرادىسىزلىك ئادەمنى ئاداشتۇرىدۇ. كۆزلىگەن مەقسەت يولىدا مەنىۋى ئالەمدە يۈز بەرگەن ئىزتىراپ، ۋەھىمە، ئىككىلىنىشلەرنى سەۋر بىلەن يەڭگەن ئادەم مۇرادىغا چوقۇم يېتىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىش جەريانىدۇر. ئەتتار ئەسەرلىرىدە سەۋر-تاقەت ئارقىلىق ھەقىقەتكە يېتىش مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ۋە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر مەۋجۇت.

تەرىقەتنىكى بەشىنچى مەقام — تەۋەككۇل بولۇپ، بارلىق ياخشى - يامان ئىش ۋە ھادىسىلەرنى ئىلاھىي زاتنىڭ ئەمرى دەپ بىلىشتۇر. ئىلاھىي زاتنىڭ ئىرادىسىنى ئۆز ئىرادىسى دەپ بىلىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن تەۋەككۇل ئىلاھىي ۋىسالغا ئىنتىلگەن مۇرىتنىڭ ئىمانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ؛ يەنى ئۇ ئىلاھىي مەرىپەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

تەرىقەتنىكى ئالتىنچى مەقام — رىزا بولۇپ، مۇرىتنىڭ قەلب جەھەتتىن تازىلىنىپ ھەقنىڭ رازىلىقىغا يېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا مۇرىت بارلىق سۇبيېكتىپ ھېس - تۇيغۇلاردىن ئازاد بولۇپ قەلبىدە پەقەت ئىلاھىي زاتنىڭلا يادى قالىدۇ. ئىلاھىي زاتنىڭ ۋىسالى يولىدىكى ھەر قانداق قىسمەتكە زەررىچە ئېتىراز بىلدۈرۈلمەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىلاھىي زاتنىڭ رازىلىقىغا مۇشەررەپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەتتارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان «ئىلاھىينامە»نى مەلۇم مەنىدىن ئەتتارنىڭ تەرىقەت قاراشلىرىنى



شەرھلەشكە بېغىشلانغان ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ھېكايىدە بىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالتە ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ : «ئېيتىڭلارچۇ بالىلىرىم، قانداق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلار بار، دۇنيادىن نېمە ئىزدەيسىلەر ؟ نېمىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭلار بولسا ماڭا ئايان قىلىڭلار. ھەر بىرىڭلارنىڭ پىكىر - ئويۇڭلارنى، ئېتىقادلىرىڭلارنى بىلىۋالاي، شۇنىڭغا قاراپ سىلەرگە يول كۆرسىتەي.» [1] دەيدۇ. گەرچە پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ئەتتار تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا« ھەممىسى زامانە ئىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ دانىشمەن بولغان» بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى ئىلىملەردىن خەۋەرسىز بولغاچقا دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ھاۋايى - ھەۋەسلىرىدىن سۆز ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ھېس قىلىپ ھەر خىل ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرگە سىغدۇرۇلغان قايىل قىلارلىق مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى ھىدايەتكە ئۈندەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئەتتار پادىشاھ سىيماسى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ( يەنى بارلىق ئىنسانلارنى) تەرىقەتكە دالالەت قىلىدۇ. ئەسەردىكى بارلىق ھېكايەتلەر ئەمەلىيەتتە تەرىقەتنىڭ مەقام - باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇش ، شەرھلەش ۋە دەلىللەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئەتتار تەرىقەت ۋە ئۇنىڭ مەقاملىرىنى ئۆزىگە خاس، شۇنداقلا ئەڭ زۆرۈر بىر يۈرۈش روھىي ئىلىملەر دەپ قارايدۇ. ئىنساننى ئەنە شۇ روھىي ئىلىملەر ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزمەي تۇرۇپ تاكامۇللۇقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پادىشاھنىڭ بالىلىرى « زامانە ئىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ دانىشمەن بولغان» بولسىمۇ، تۈرلۈك

① «ئىلاھىينامە» 13-بەت.

ئۆتكۈنچى ۋەسۋەسىلەرگە مەپتۇن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە خاس بولغان ئۇلۇغۋار غايىلەردىن ئەمەس، نەپسانىي ئىستەكلەردىن سۆز ئاچىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەتتار «زامانە ئىلىملىرى» يەنى ئەقلىغا تايىنىپ ماھىيىتىگە يەتكىلى، ئىگىلىگىلى بولىدىغان نەزەرىيىۋى ئەمەلىي پەنلەرنىڭ رولىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. ئۇنى ئىنسان تەرەققىياتىدىكى زۆرۈر بولغان ئەقلىي باسقۇچ، روھىي ئىلىملەرگە يۈزلىنىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئەتتارنىڭ نەزەرىدە بۇنىڭلىق بىلەن ئالەمنىڭ ماھىيىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ماھىيەتنىڭ ئاچقۇچى روھتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتار «ئىلاھىينامە»دە روھ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قانداقلىقىنى بىلىپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر قۇشسەنكى، بىزنىڭ چۈشەنچە-تەسەۋۋۇرىمىز، ئىسپات ھەم تەستىقىمىز، ئىنكار ھەم رەددىيەمىزدىن تاشقىرىسەن. نە يەردە، نە ئاسماندا ئەمەس تەگرىتائالانىڭ ھوزۇرىداسەن. ھەممە نەرسە سەنسەن، ئەمما ھەممە يوقلۇقمۇ سەن ئۆزۈڭسەن. كۆزگە كۆرۈنمەسسەن، ئەمما كۆزلەرنىڭ نۇرىسەن»①.

ئەتتارنىڭ تەرىقەت ھەققىدىكى تەلىماتلىرى باشتىن ئاخىر روھىي تاكامۇللۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ پسىخىك قاتلىمىنى ئېچىش ۋە بېيىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئەتتارنىڭ تەرىقەت تەلىماتلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا مەيدانغا كېلىپ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بولغان، ئاۋستىرىيىلىك پەيلاسوپ سىگمۇند پروئىد تەرىپىدىن ئاساس سېلىنىپ نىتزى، شوپېنخوۋېر،

① «ئىلاھىينامە» 12 - بەت



ئېرىخ پروم قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان «روھىي ئانالىز تەلىماتى» بىلەن مەلۇم قانداشلىقلارغا ئىگە.

## 3. فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ مەرىپەت ۋە ھەقىقەت قاراشلىرى

«مەنتىقۇت - تەير»دە قۇشلار مىڭ بىر جاپالار بىلەن تەرىقەت باسقۇچىنى پايانىغا يەتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قۇشلار سەپتىن قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىدىن نىشانە كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن قۇشلار ھۆپۈپتىن بۇ يولنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقى، سۇمۇرغ ۋىسالىغا قاچان يېتىدىغانلىقى ھەققىدە سورايدۇ. ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ، ئالدىدا يەنە ئىنتايىن مۇشكۈل يەتتە ۋادا، مەنزىلنىڭ بارلىقىنى، بۇ ۋادىلارنى بېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپ سۇمۇرغ ۋىسالىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ يەتتە ۋادىنى قىسقىچە تەرىپلەيدۇ. مۇشۇ يەردە ئەتتار ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي يىپ ئۇچىنى ئۈزۈپ قويمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھۆپۈپنىڭ يەتتە ۋادا ھەققىدىكى بېشارىتى ئارقىلىق بۇ يەتتە ۋادا ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىدۇ.

### 1) تەلەپ ۋادىسى

تەلەپ ۋادىسى — بۇ، بۇۋادىغا قەدەم قويغان سالىك يەنى سۇلۇك ئەھلىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئىزتىراپقا سالىدىغان، ئېغىر زىددىيەت بىلەن تولغان ۋادا بولۇپ، سالىك قەلبىدە ئىلاھىي زاتنىڭ ۋەسلىگە بولغان تەلەپ ۋە ئىنتىزارلىقتىن زوقلانسىمۇ، لېكىن ۋىسال تاپالماسلىق يەنى ئىلاھىي زاتنىڭ ۋەسلىگە يېتىش يولىدىكى پايانسىزلىقتىن ئەلەم چېكىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ۋىسالدىن ئۈمىد

ئۇزمەيدۇ. دۇنيانىڭ دىشۋارچىلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، بارلىقىنى ۋىسال تەشنالىقىغا بەخشەندە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى تەلەپكارلىقى ساپلىشىپ نۇرلىنىدۇ. بۇ خىل نۇرلىنىش ئۇنىڭ قەلبىگە تاكامۇللۇق ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور يۈكسەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. پايانسىز بىر سۈزۈك دۇنيا ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدۇ.

ئەتتار تەلەپ ۋادىسىنىڭ سۆپەت ۋە بايانلىرى ئارقىلىق سالىكنىڭ ئىلاھىي ۋىسال يولىدىكى ئىرادە ۋە ساداقىتىنى شەرھلەيدۇ، تەلەپكار تەلەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم قايىم ئىرادە، مۇتلەق ساپ ساداقەتكە ئىگە بولۇشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي ئىنتىزارلىقىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

### 2) ئىشق ۋادىسى

ئىشق ۋادىسىدا ئەتتار ئىلاھىي ئىشقنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ۋە شەۋكىتىنى بايان قىلىدۇ. ئەتتارنىڭ قارىشىچە تەلەپكارلىق ئىشقنىڭ بېشارىتى، روھ سۈزۈلگەندىلا ئاندىن ئىشق ئوتلىرى يالقۇنجايدۇ. ئىشق ئاشىقنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى، ئۇ يالقۇنجاش ئارقىلىق ئاشىققا نۇر بەخش ئېتىدۇ. يالقۇن كۆيدۈرىدۇ، كۆيۈشتىن قورققان ئاشىق ئىشققا ئېرىشەلمەيدۇ. كۆيمىگەن ئاشىق ئىشقنىڭ پەيزىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاشىق بىلەن ئىشقنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەرۋانە بىلەن شامنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەققاسلاشقا بولىدۇ. پەرۋانە ھەقىقى ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن تەلەپكارلىق بىلەن ئۆزىنى يالقۇنغا ئاتىدۇ، كۆيۈپ ئۆرتىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئىشق ۋادىسىغا قەدەم قويغان ئادەمدە پەرۋانە روھىي بولۇشى كېرەك. ئاشىق ئىشق يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشنى ئۆزىنىڭ خىسلىتى دەپ



بىلىشى كېرەك. ئاشىقلىق يەنە ئۆزلۈكىدىن، تەبىئىي ھالەتتە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ ماھىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. تەسەۋۋۇپتا سەمەندەر ئاشىققا سىمۋول قىلىنىدۇ، سەمەندەر ئوتتا، يالقۇن ئىچىدە ئۆز ماھىيىتىنى جەۋلان قىلدۇرالايدۇ.

### 3) مەرىپەت ۋادىسى

ئەتتارنىڭ قارىشىچە مەرىپەت ۋادىسى پايانسىز ۋادا. بۇ ۋادىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇنلىغان يوللار بار، شۇنداقلا مەقسەت ۋە نىشانلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇنلىغان يولۇچىلار بار. ھەر بىر يولۇچى ئۆز يولىنى توغرا يول دەپ قارايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرق مەيدانغا كەلگەن . بۇ پەرق ئۇلارنىڭ ئېرىپان - چۈشەنچىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چۈشەنچە ۋە مەسىلىكىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر كىم بۇ يولدا كامالەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، بۇ يولنى بېسىپ تۈگەتمەي تۇرۇپ ھېچكىم كامالەتكە يېتەلمەيدۇ. كامالەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى مەرىپەتتۇر.

مەرىپەتنىڭ تېيىز ياكى چوڭقۇر بولۇشى مەقسەتنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردە ئەتتار بارلىق ئەقىدە - ئېتىقادلارنى مەرىپەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئېتىقادنىڭ بارلىق تۈرى باباراۋەر، ئۇلار ياخشى - يامان، يۈكسەك تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ. بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ھاسىل قىلىنغان مەرىپەتنىڭ ئورامى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەرىپەت قانچىكى سۇس بولسا ئېتىقاد شۇنچىكى غۇۋا بولىدۇ، مەرىپەت قانچىكى چوڭقۇر بولسا ئېتىقاد شۇنچىكى يارقىنلىشىدۇ. چۈنكى، مەرىپەت ئېتىقادنىڭ ئاچقۇچى، ئىلاھىي زاتنى تونۇشنىڭ ۋاسىتىسى.

### 4) ئىستىغنا ۋادىسى

مەرىپەت مەنزىلىنى بېسىپ ئۆتكەن سالىكتا ھاجەتمەنلىك پۈتۈنلەي يوقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىستىغنا ـ ھاجەتسىزلىك مەنزىلىگە قەدەم قويىدۇ. ئىستىغنا ـ روھىي تاكامۇللۇقنىڭ يەنە بىر پەللە يۈكسەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ يەردە چوڭ ـ كىچىكلىك، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئۇيغۇنلىشىدۇ. ماددىي بارلىق، خاس ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ. جەننەت ۋە دوزاخ، ئېتىقاد ۋە كۇپۇرلۇق ئوتتۇرىسىدا پەرق قالمايدۇ. سالىكنىڭ روھىدا پەقەت كامالەت پەيزىلا دولقۇنلىنىدۇ.

### 5) تەۋھىد ۋادىسى

تېپىمىنىڭ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، بۇ مەنزىلنىڭ مۇتلەق مىزانى تەۋھىد، تەنھالىق، يېگانىلىقتۇر. بۇ ۋادىدا ئىككىنچى بىر بارلىقنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى راۋامۇ ئەمەس، مۇمكىنمۇ ئەمەس. ئەتتارنىڭ قارىشىچە تەۋھىد ئەھلىنىڭ بىردىنبىر ئىستىكى تەنھالىقتۇر.

تەۋھىد ۋادىسىدا سالىك ئالدى بىلەن ئىلاھىي زاتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يېتىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تەنھالىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشى ئاندىن ئىلاھىي زاتنىڭ ۋەسلىگە ئېنتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىشى كېرەك. خۇددى بىر كەررە بىر تەڭ بىر بولغاندەك، بىرلىك غايىسىنىڭ بىرلىك ماھىيىتى بىلەن قوشۇلۇشى يەنىلا بىرلىك، يېگانىلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەتتار دۇنيا قارىشىدا تەۋھىد مەسىلىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە ئۆز تەلىماتىنى مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرىدۇ.



مەسىلەن، «جەۋھەرۇز ـ زات»ناملىق ئەسەردە، ئەتتار پۈتكۈل ئالەمنىڭ يېگانىلىقى، تەكرارلانماسلىقى، ئىنسانىنىڭ ئەنە شۇ يېگانە ئالەمدىكى ئورنى ھەم ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ شەرتى ـ ئۆزىدىكى سۇبيېكتىپ ئامىللاردىن كېچىپ ئىلاھىي زاتقا قوشۇلۇش يەنى تەۋھىد ئىكەنلىكىنى شەرھلەيدۇ.

ئەتتار تەۋھىدنى شۇ قەدەر مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىۋاستە ئىلاھىي زاتنىڭ نامى بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، «‹ئىلاھىينامە› نى تەڭرى تائالانىڭ نامى بىلەن باشلىدىم» دەپ باشلىسا، «جەۋھەرۇز ـ زات» ناملىق ئەسىرىنى «جىسىم ۋە جاننىڭ نۇرى بولغان زات نامى بىلەن ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان خۇدانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. » دەپ باشلايدۇ. پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ئەتتارغا خاس بىر خىل ئىدىيىۋى خاھىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەتتار ئۆزىنىڭ تەۋھىد غايىسىنى روشەن نامايان قىلىدۇ. ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئالەمنىڭ بىرلىكى ، خۇدانىڭ يېگانىلىقى، بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ خۇدانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، ماھىيەتنىڭ سىرى — ۋەھدەت، يەنى تەۋھىد ئىكەنلىكىدىن باشقا ھەمدۇ ـ سانا ئۇچرىمايدۇ.

ئەتتار تەۋھىدنى «جەۋھەرۇز ـ زات» ئەسىرىدە كوزا ۋە دەريا مىسالى ئارقىلىق تولىمۇ جانلىق چۈشەندۈرىدۇ؛ ئۇ كوزىنى ئادەمگە، ئىلاھىي زاتنى دەرياغا قىياسلاپ، كوزىنى سۇغا پاتۇرغاندا تا ئىچى سۇغا تولغىچە كولدۇرلاپ ئاۋاز چىقىرىدۇ، ئەمما ئىچىگە سۇ تولغاندىن كېيىن ئۇ ئاۋاز چىقىرىشتىن توختايدۇ، يەنى ئۇ دەرياغا قوشۇلۇپ

كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئىنسان روھىي جەھەتتىن ئىلاھىي زاتقا قوشۇلغاندىلا مۇتلەق بىر پۈتۈنلۈككە، يەنى تەۋھىد سىرىغا يېتىدۇ. ئەتتار تەۋھىد ھەققىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«ئەگەر سەن تەۋھىد خىلۋەتخانىسىغا مەھرەم بولساڭ ئالەمنىڭ تاجى، ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ پەخرى بولۇپ قالىسەن. ئەگەر خۇرشىد (ئاپتاپ) يەنى تەڭرى ئاشكارە بولسا سەن سايە بولغىن، چۈنكى سەن سايە كەبى قۇياش نۇرىدا يوقىلىپ ئۇنىڭغا مەھرەم بولىسەن».

ئەتتار بۇ پارچىدا تەۋھىدنى يەنە بىر نۇقتىدىن نۇر ۋە سايە مىسالىدا شەرھلەيدۇ. سايە - بىر سۈرەت، ئۆتكۈنچى ھادىسە، نۇر - مەنا - ھەقىقىي بارلىق نۇر بار يەردە سايە مۇقەررەر غايىب بولىدۇ، يەنى نۇرغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. سايىنىڭ نۇرغا قوشۇلۇشى تەۋھىدنىڭ ئىپادىلىنىشى.

ئەتتار تەۋھىدنى بىۋاستە مەنسۇر ھەللاج (مىلادىيە 875 - 922) بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، خۇددى ئەلىشىر نەۋائى يازغاندەك: «مەۋلانا جالالىددىن رۇمى سۆزلىرىدە مەزكۇردۇركى، شەيخ مەنسۇر ھەللاج نۇرى 150 يىلدىن سوڭرە شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتار روھىغا تەجەللى قىلدى ۋە ئۇنىڭ مۇرەببىيسى بولۇپتۇر»①.

ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانمۇ تەۋھىدنىڭ بىر قىسمى شۇنداقلا تەۋھىدنىڭ ئۆزى. بۇنى تامچە ۋە دەريا مىسالىدا چۈشىنىش مۇمكىن. تامچە دەريانىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. تامچە ئارقىلىق دەريانىڭ ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن. چۈنكى تامچىمۇ، دەريامۇ ئوخشاشلا سۇ.

① 15 توملۇق ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى. 15-توم. «نەسايىمۇل - مۇھەببەت» 1968-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 169-بەت.



تامچە دەرياغا قوشۇلسا يەنىلا سۇ بولىدۇ. دېمەك تامچىدىمۇ دەريانىڭ ئەكسى مەۋجۇت. مەنسۇر ھەللاج دەل مۇشۇ نۇقتىدىن «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقمەن) دېدى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەن، مەرىپەت پەيزىدىن بىبەھرە روھانىيلار ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەمما، مەنسۇر ھەللاج ۋەھدەت (بىرلىك) شارابىدىن قەلبى نۇرلانغان، ھەقىقى تەۋھىد ئەھلىنىڭ ئەڭ يارقىن سىيماسى ئىدى. ئەتتار تەۋھىد دېگەندە ئەڭ ئالدى بىلەن مەنسۇر ھەللاجنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. شۇڭا، ئەتتار مەنسۇر ھەللاج ۋە ئۇنىڭ «ئەنەل ھەق» قارىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: (مىسالدا چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن نەسرىي يەشمىسى كەلتۈرۈلدى):

«ئەنەل ھەق» — مەن ھەقمەن دېگەننىڭ بېشىنى كەستى، شۇندىمۇ بۇ داستان ئېغىزلاردا يۈرۈپتۇ. ئەي دوستۇم، «ئەنەل ھەق» دېگەن ئادەم ھەق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كۆللىياتقا (پايانسىزلىققا) ئىنتىلىپ، يېگانىلىق كۆرسىتىپ ھەقنىڭ دوستى بولدى. «ئەنەل ھەق» دېدى ۋە بۇنى ئاشكارا قىلدى، نەتىجىدە ئۆزىنى - ئۆزى پارە - پارە قىلدى. «ئەنەل ھەق» دەپ بىرلىك، يەنى ۋەھدەتتىن سۆز ئاچتى، دەرھەقىقەت ئۇ ھەق ئىدى ۋە ھېچ شۈبھىلەنمەستىن «ئەنەل ھەق» دەپ دۇنيادىن ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن نامى مەڭگۈلۈك بولۇپ قالدى.

خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەنسۇر ھەللاج سىيماسى ئەتتار ئەسەرلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەركىزى سىمالارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەتتار ئۆز قاراشلىرىنى دەلىللەشتە كۆپ ھاللاردا مەنسۇر ھەللاجقا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ قاراشلىرى

ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى شەرھلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، چۈنكى ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسى ـ يەنى تەۋھىد قارىشى مەنسۇر ھەللاجنىڭ«ئەنەل ھەق» قارىشى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتار ئۆز ئەسەرلىرىدە:

«ھەقىقەت نىمە؟ ئەتتار كەبى بولۇش. ھەمىشە سىرلاردىن ئاگاھ بولۇش.

ھەقىقەت نىمە؟ ئەي بۇرادەر، جاندىن كەچ، مانائەتتارنى كۆردۈڭمۇ، بارلىق — شۇ.

بارىكاللا ئەتتار، ئىلاھىي سىردىن كۆزگە روشەنلىك يەتكۈزدۈڭ، شۇ سەۋەبتىن سەن شاھسەن.

مەنالار سىرىغا ئىنتىلىپ بىئەدەپلىك قىلىشىڭمۇ ياخشى، سەن ھەقنى، يەنى مەنالار ئىزھارىنى كۆرۈشۈڭ مۇقەررەر.

جاھاندا سەن ۋەسلىگە يەتكەنلەرنىڭ تىمسالى، يەنى گەۋدىلەنگەن شەكلىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق سىرنى ئايان قىلالىدىڭ» دەپ يازىدۇ①.

## 6) ھەيرەت ۋادىسى

ھەيرەت ۋادىسى — بىر خىل سەرخۇشلۇق، بىخودلۇق مەنزىلى

① (نەجمىددىن كامىلوۋ: «تەسەۋۋۇپ-ئىككىنچى كىتاب ـ تەۋھىد ئەسرارى» تاشكەنت 1999-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 70-، 71-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل) .



بولۇپ، ئۇ گىپنوز ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىلاھىي ئىشق يولىغا كىرگەن ئاشىق ئىلاھىي شاراب، يەنى «شارابى ئەنتەھۇر » دىن مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ خىل مەستلىك ئاشىقلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئاشىق ئەقلىي تۈيغۇلاردىن خالىي ھالدا روھىي جۇنۇنلۇق پەللىسىگە يېتىپ، ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىدار ئىلكىدە مەرىپەت زوقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنداق « ئاڭسىز ئاڭ » ھالىتى فەنالىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ، ئاشىقنىڭ روھىي كامالەت باسقۇچىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭغا يەنىلا «شەيخ سەنئان قىسسىسى » دىن مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. شەيخ سەنئان تەرسا قىزنىڭ ئىشقىدا ھەيرانلىق ئىلكىدە بىخۇدلىشىپ ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇ بىر مەجنۇن ، سەۋدايىغا ئايلىنىدۇ. مۇرىتلىرى ئۇنى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا، ئەقلىنى يوقاتماسلىققا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ « ئاشىق ئۈچۈن ئەقلىنىڭ نېمە كېرىكى، ئىشققا ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ » دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

## 7) فەقرۇ فەنا ۋادىسى

ئەتتار «فەقرۇ فەنا ۋادىسى» تەسنىپىدە ئۆزىنىڭ فەنا، يەنى يوقلۇق ۋە بەقا، يەنى ئەبەدىيلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە مەخلۇقات ئالىمىدىكى بارلىق نەرسىلەر سۈرەت، شەكىل ياكى كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆتكۈنچى ـ فانىي نەرسىلەردۇر؛ پەقەت زاتى مۇتلەقلا بىردىنبىر

بارلىقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باقىي ـ ئەبەدىيدۇر. باقىيلىققا يېتىش ئۈچۈن سۈرەتتىن قول ئۈزۈپ مەناغا قوشۇلۇش كېرەك.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا بەزىلەر فەنانى ئىلاھىي زاتتىن باشقا ھەممە نەرسىنى رەت قىلىش دەپ قارىغان. بايەزىد بەستامى «ئىلان قاسىراق تاشلىغان كەبى مەنمۇ ئۆزۈمنى تەرك قىلدىم. بىر مەھەل ئۆز ماھىيىتىمگە باقسام . . . ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن ! »

دېگەن ھەم بۇ ھالەتنى فەنا دەپ ئاتىغان. دېمەك، ئىلاھىي ئىشققا پەيۋەندە بولغان سالىك ئۆزلۈك ئېڭىنى ئۆزىدىن ساقىت قىلىپ ئىلاھىي زات بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىشى كېرەك. بۇ ئىلاھىي زاتنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتىكى ئاخىرقى چەك.

ئومۇمەن ئالغاندا مەرىپەت يولىدىكى بۇ ۋادا مەنزىللەر بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، تاكامۇللاشتۇرۇشنى زۆرۈر شەرت قىلغان روھىي كامالەت باسقۇچلىرى بولۇپ، ئۇ سالىكتا ئىلاھىي مەرىپەتنىڭ نامايان بولۇشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ.

مەرىپەت ئۆز ـ ئۆزىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش، ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلاھىي زاتنى تونۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى تۆمۈر ۋە ئوت مىسالىدا بىر قەدەر ئېنىق چۈشىنىش مۇمكىن. ئەسلىدە تۆمۈر ۋە ئوت باشقا ـ باشقا تۇسلۇك نەرسە بولسىمۇ تۆمۈر ئوتقا سېلىنسا، قىزىپ ئۇمۇ ئوتنىڭ رەڭگىگە كىرىدۇ، ئەسلىدىكى تۆمۈرلۈك تۈس ئوتنىڭ تۇسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۆمۈرمۇ، ئوتمۇ بىر گەۋدىگە



ئايلىنىپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇپ تەرىقەتچىلىرى مەرىپەت پەللىسىنى «تەۋھىد»، يەنى بىرلىشىش ياكى «فەنا» يوقىلىش دەپ قارىغان.

مەرىپەت — ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەمما شۈبھىدىن خالىي روھىي ئىلىملەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئىنسان ئىلاھىي زاتنىڭ بىر زەررىسى بولغانلىقى، ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئىلاھىي مەرىپەتكە يېتىش مۇمكىنچىلىكى بار. بۇ ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىش يولىدىكى مۇقەررەرلىكتۇر.

ئۇنداقتا، ھەقىقەت دېگەن نېمە ؟

بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنە ۋە مەزمۇن دائىرىسىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن يەنىلا « مەنتىقۇت ـ تەير» ھېكايىسىگە قايتىشقا روغرا كېلىدۇ.

مۇشەققەتلىك سەپەر جەريانىدا زور كۆپ ساندىكى قۇشلار بەرداشلىق بېرەلمەي سەپتىن قالىدۇ. ئۇلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت 30 قۇش ئامان قالىدۇ. ئامان قالغان بۇ 30 قۇش ئاخىرقى مادار ۋە تىنىقلىرىدا بىر پايانسىز مەنزىلگە يېتىپ كېلىدۇ. قۇشلار ئەمدى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۆزلىرىدە قىلچە دەرماننىڭ قالمىغانلىقىنى، شۇنچە مۇشكۈل مۇساپىنى بېسىپمۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نادامەت چېكىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا غايىبتىن بىر سادا كېلىپ ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى سورايدۇ. قۇشلار جاۋاب بېرىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ

سايلاش ئۈچۈن سۇمۇرغنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. غايىبتىن كەلگەن سادا قۇشلارغا ئۆزىنى چاغلىماستىن ( ئۆزىنى بىلمەستىن) سۇمۇرغ دەۋاسىنى قىلماي قايتىپ كېتىشىنى بۇيرۇيدۇ. قۇشلار ھەيرانلىق ئىلكىدە داد - پەرياد چېكىدۇ. ھۆپۈپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ سۇمۇرغنىڭ مەرھەمىتىدىن نىشانە سۆزلەيدۇ. نەتىجىدە قۇشلاردا يەنە ۋىسال ئۈمىدى جۇش ئۇرىدۇ. ساداقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك كۆچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈكسەك دەرىجىدىكى فانىيلىق، يەنى روھىي جەھەتتىن يار ( ئىلاھىي زات ) ۋەسلىگە ئېرىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئوتتۇرىدىن پەردىلەر كۆتۈرۈلۈپ ھەقىقەت ئايان بولىدۇ:

30 قۇش قارىسا، ئۇلار شۈبھىسىز ئاشۇ سۇمۇرغ ئىكەن. قۇشلار ئۆزلىرىنى سۇمۇرغ ھالىتىدە كۆردى، چۈنكى 30 قۇش سۇمۇرغ ئىدى. 30 قۇش سۇمۇرغقا قارىسا ئاشۇ سۇمۇرغ 30 قۇشنىڭ ئۆزى ئىكەن. قۇشلار ئۆزلىرىگە باقتى، ئۇلار ھەر ئىككىسى بىردەك سۇمۇرغ ئىدى.

ئەتتارنىڭ بۇ سۆزلىرى مۇنداق ئىككى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە ؛ بىرىنچىسى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» چۈشەنچىسى. «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» سۆزىنىڭ ئۇدۇل مەنىسى « ئالەم ـ خۇدا دېمەكتۇر » بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئالەم مۇتلەق روھنىڭ سەمەرىسى ياكى تەجەللىسى ( ئەكس ئېتىشى) ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق روھ ھەممە نەرسىدە نامايان بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. يىغىنچاقلىغاندا ئالەم مۇتلەق روھ تۈپەيلى



مەۋجۇتتۇر. دېمەك 30 قۇش سۇمۇرغنىڭ سەمەرىسى، 30 قۇشتىمۇ سۇمۇرغلۇق خىسلەت بار، شۇڭلاشقا 30 قۇش ئاخىرىدا ئۆزىنى سۇمۇرۇغ ھالىتىدە كۆردى. دېمەك، قۇشلار سۇمۇرغنى ئىزلەپ سۇمۇرغقا ئايلاندى. ئىككىنچىسى ئەتتار 30 قۇش ۋە سۇمۇرغ مۇناسىۋىتىنى ھەم سىمۋول ھەم فەنا نۇقتىسىدىن پوئېتىك جىلۋىگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، سۇمۇرغ سۆزى ئەسلىدە پارسچە «سۇمۇرغ» سى (ئوتتۇز) مۇرغ (قۇش) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ سۇمۇرغنىڭ نامىنى بىلدۈرگەندىن باشقا « ئوتتۇز قۇش » دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، ھەقىقەت ھەقنى ـ ئىلاھىي زاتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش دېمەكتۇر. ئۇ مەرىپەت بىلەن ئۆزەكداش بولۇپ، بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر - بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھەقىقەت ئۆزلۈكنىڭ ئاخىرلىشىپ ئەبەدىيلىكنىڭ باشلىنىشى، ئۇلۇغۋار غايىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى، يۈكسەك دەرىجىدىكى كامالەتنىڭ تەنتەنىسى. ئەتتار ھەقىقەت ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ :

— ھەقىقەت نېمە ؟ جانان - خۇدانى كۆرۈش، سەن، مەنلىكنى تەرك ئەتسەڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر بولىسەن.

— ھەقىقەت نېمىدۇر ؟ تېزدىن بىر بولماقتۇر. دۇر كەبى ۋاستىلىك دېڭىزدا يېگانە - بىر بولماقتۇر.

— ھەقىقەت نېمە ؟ ھەمىشە سىرلاردىن ئاگاھ بولۇش. . .

— ھەقىقەت نېمە ؟ . . . جاندىن كېچىش .

كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » قارىشىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياۋروپا پەيلاسوپلىرىنىڭ تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى خېلى زور بۆسۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئاكتىپ تەلىمات دەپ قاراشماقتا. شۇنداق ئىكەن، فەرىدۇددىن ئەتتار « ۋەھدەتى ۋۇجۇد » تەلىماتىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، بىر قەدەر مۇپەسسەل مەۋقەگە ئىگە قىلغان ئەللامە ئۇستازلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمىزنى، ئۇ چۆككەن سىرۇ - ئەسرار خەزىنىلىرىدىن يەنىمۇ يارقىن جاۋاھىراتلارنى سۈزۈپ چىقىپ، بۈگۈنكى ئەۋلاد كىشىلىرىنى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى كامال تاپتۇرۇشتا فەرىدۇددىن ئەتتاردەك ئۇلۇغلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش تولىمۇ پايدىلىق.



# ئۈچىنچى باب
# فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئالەم ۋە ئىنسان قارىشى

ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئالەم، ئۇ ئالەم دېگەن ئۇقۇملار دائىم دېگۈدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ سۆزلەرگە قاراپلا ئەتتارنىڭ ئالەم ھەققىدىكى قاراشلىرىغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەتتارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئالەم يەنى ماددىي دۇنيا فانىي - ئۆتكۈنچىدۇر، ئۇ ئالەم يەنى روھىي دۇنيا باقىي - مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى، روھىي دۇنيا ئىلاھىي زاتنىڭ مەنبەسى ۋە جەۋھىرىدۇر. ماددىي دۇنيا روھىي دۇنيانىڭ پوستى يەنى قاسىرىقىدۇر. ماددىي بارلىق سۈرەت، روھىي بارلىق مەنادۇر. ئەمما، ماددىي بارلىق ئۆز ئالدىغا يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بارلىق بولماستىن، بەلكى روھىي بارلىق ئىلاھىي زاتنىڭ تەجەللىسىدۇر. سۈرەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەنانىڭ خاسىيىتىدىن بولغىنىدەك، نەرسىلەر ئالىمىمۇ ئىلاھىي ئالەمنىڭ جىلۋىسىدۇر. ماددىي ئالەم — ئالەمى سەغىر، يەنى كىچىك ئالەم بولۇپ، ئۇ روھىي ئالەم - ئالەمى كەبىر، يەنى پايانسىزلىق ئالىمىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ماددىي ئالەم ئىلاھىي زاتنىڭ ئىلاھىي سەنئىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوڭقۇر گارمونىيىلىك ئاساسقا ئىگە . يەنى ئۇلار كۆرۈنۈشتە

باشقا - باشقا نەرسىلەر بولسىمۇ ماھىيەتتە بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ھەممە بارلىقتا ئىلاھىي زاتنىڭ جىلۋىسى بار. شۇڭا ئەتتار يازىدۇ:

ئۇنىڭ زاتى بىلەن مەۋجۇت بولغان ئالەم شۇنداق مۇستەھكەم يىلتىزداشلىقتا، ئۆزئارا باغلىنىشتا ئىكىكى، سۇدىكى بېلىقتىن پەلەكتىكى ئايغىچە جىمى نەرسىلەر بىر - بىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار.

دېمەك، زېمىن ۋە ئاسمان، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق، ئالەم ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەس مۇۋازىنەت مەۋجۇت. بۇ مۇۋازىنەت دەل ئىلاھىي زاتنىڭ قۇدرىتىدىن ئىبارەت. ئەنە شۇ قۇدرەت تۈپەيلىدىن ئالەم ھەر ۋاقىت ھەرىكەتلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەتتارنىڭ نەزەرىدە بارلىق تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىقلار ئىلاھىي زاتنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى. چۈنكى، ئالەم ئىلاھىي زات ئۈچۈن بىر ئەينەكتۇر. شۇڭا، ئەتتار يازىدۇ :

جاھاننىڭ پۈتۈن ئەشيالىرى - زەررىلىرى ئۇنىڭ ئەينىكىدۇر.
نېمىلا كۆرسەڭ ئۇنىڭ ئايەتلىرى كىتابىدىن سەھىپىلەر دەپ بىل.

ئالەم ئەينەك ئىكەن، ئۇنىڭدىكى ماكرو ھەم مىكرو بارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي زاتنىڭ « ئايەتلىرى كىتابىدىن سەھىپىلەر » دۇر. ئەتتارنىڭ ئالەم ۋە ئەينەك مۇناسىۋىتىدىن مىنىڭچە مۇنداق ئىككى خىل قاتلاملىق مەزمۇننى ھېس قىلىش مۇمكىن :

بىرىنچى، ئالەم — ئەينەك. ئىلاھىي زات ئەنە شۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دېمەك، ئەتتار ئەينەك ۋە ئەكس ئېتىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئىلاھىي زاتنىڭ مۇتلەق



بارلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىلاھىي زاتنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئېتىشى ھەر بىر بارلىقتا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت خاسىيەتنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، ئالەم ئىلاھىي زاتنىڭ سەنئىتىلا ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي زاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغان بىرلەمچى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىنى ئەتتار «مەنتىقۇت- تەير» داستانىدا بىر سىمۋوللۇق ھېكايەت ئارقىلىق يەنىمۇ ئېنىق بايان قىلىدۇ. ئەتتارنىڭ يېزىشىچە، ھۆسن — جامالدا تەڭداشسىز بىر پادىشاھ بولۇپ « ئالەمنىڭ گۈزەللىكى، نازاكىتى ئۇنىڭ سىرلىرىدىن بىر سەھىپە، زىبالىقى نەپىسلىكتە ئۇنىڭ دىدارىدىن بىر ئايەت كەبى ئىدى. » بۇ پادىشاھنىڭ نامى ئالەمگە تارقىلىپ ھەممە ئۇنىڭ ھۆسنىگە مەپتۇن بولىدۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ ھۆسنى قۇياشتەك نۇرلۇق بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمايدۇ. ئەتتارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۇنى« كۆرمەسلىككە سەبرە - تاقەت قىلالماس، ئەمما كۆرۈشكىمۇ چىداپ تۇرالماس ئىدىلەر. » شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ يوغان بىر ئەينەك ياسىتىپ شۇ ئەينەككە قارايدۇ. ئەينەكتە ئۇنىڭ ھۆسنى ئەكس ئېتىپ ئەكسلەنگەن نۇر ئەتراپقا تارىلىدۇ. كىشىلەر ئەنە شۇ نۇر ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ھۆسنىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەتتار ھېكايەتنى خۇلاسىلاپ مۇنۇلارنى يازىدۇ :

— ئەي ئىنسان، سېنىڭ پادىشاھىڭمۇ ھىلال ئاي قەسرىدۇر، قەسىر بولسا قۇياش نۇرىدىن روشەندۇر. ئۆز پادىشاھىڭنى كۆڭلۈڭدە تونۇغىن ، شۇنداق قىلىپ ئەرشنى زەررىدە كۆرگىن. بۇ بىپايان ئالەم سەھراسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەر بىر سۈرەت، ھەر بىر لىباس گۈزەل

سۇمۇرغنىڭ سايىسىدۇر. ئەمما، سايە سۇمۇرغدىن مۇستەسنا ئەمەس، گەرچە سەن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمىساڭمۇ. سايە بىلەن سۇمۇرغ بىر - بىرىگە سىرداش ھەم مەھرەمدۇر، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىنتىزار قىلىدۇ، ئىزلەيدۇ، شەرت قىلىدۇ. ئەگەر بىلسەڭ سىنىڭ ۋەزىپەڭ سايىدىن كېچىپ سۇمۇرغقا يېتىشىشتۇر. ئەگەر سۇمۇرغقا يېتىشسەڭ، پەردە ئىچىدە ئاپتاپنى كۆرسەن، شۇندا سايە بىلەن سۇمۇرغ بىرلىشىدۇ، سەن ئۆزۈڭنىمۇ قۇياش ئورنىدا كۆرسەن.

ئەتتارنىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئالەمنىڭ بىرلىكى روھتىن ئىبارەت. بارلىق ھادىسىلەر روھنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئالەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن روھنى چۈشىنىش كېرەك. روھ بىر خىل ئىلاھىي قۇدرەت، ئۇ ئالەمنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان بىردىنبىر ئاچقۇچ. مەۋجۇتلۇقنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇ ئاچقۇچنى ئىزدەش ۋە تېپىش.

ئۆتكۈنچىلىك بىلەن ئەبەدىيلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مەقسىتى يەنىلا ئەبەدىيلىك. سايە ھامان نۇرغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. كائىناتنىڭ نېگىزى پەقەت بىر، ئۇ بولسىمۇ مۇتلەق روھ. پۈتكۈل بارلىق ئەنە شۇ مۇتلەق روھنىڭ سۈپىتى ياكى سايىسى. سۈپەت ۋە سايە، ماھىيەت ۋە مەنانىڭ ئۆزۈكى بولغان مۇتلەق روھنى دەۋر قىلىپ ھەرىكەتلىنىدۇ. دېمەك، ئالەم تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن ماددىيلىقنىڭ ، ماھىيەت جەھەتتىن ئىلاھىيلىقنىڭ سىمۋولى. شۇنداق ئىكەن، ئىلاھىي زات يەنى خۇدا كائىناتتىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن، بەلكى كائىنات بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەبەدىي ھەم پايانسىزدۇر. ئەتتار «ئىلاھىينامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇشۇ كۆز قاراشنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ :



— دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەر، ئەشيالار، كۆپلۈك ۋە ئازلىق، سەلبىي ۋە ئىجابىيلىق، رەددىيە ۋە تەستىقلار ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا خىزمەت قىلىدۇ. پۈتۈن ئالەم زاتى پاكنىڭ دەلىلىدۇر. سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئەسلىدۇر ۋە ئەسلىي سۈپەتلىرىگە مىسالدۇر. ئەگەر سىنچىلاپ قارىساڭ بارلىق سۈپەتلەر ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. پۈتۈن بارلىقنىڭ ۋۇجۇدى ( ماددىيلىقى ) ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ سايىسى، قۇدرىتىنىڭ ئىنئاسى، ئىجادىيىتى ۋە سەنئىتىدۇر.

بۇ يەردە ئەتتارنىڭ ئالەم قارىشى يەنىمۇ روشەنلىشىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئالەمنى زاتى پاك، يەنى ئىلاھىي زاتنىڭ دەلىلى دەپ قاراپ، ماددىي بارلىقنى ئىلاھىي زاتنىڭ سۈپەتلىرىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئۆزى دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ ھەر قانداق مەۋجۇتلۇقتا ئىلاھىي زاتنىڭ جىلۋىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە كائىناتنىڭ جەۋھىرى چاراقلاپ تۇرغان بىر دەستە نۇر، ئۇ نۇر نەگىلا چۈشسە شۇ يەر جۇلالىنىدۇ. گويا بىر قۇياشنىڭ پارلىشى بىلەن پۈتكۈل كائىنات يورۇپ كەتكەندەك.

ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ئالەم يېگانە، تەكرارلانماس، پايانسىز بارلىق . ئۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان ئىلاھىي زاتنىڭ ياراتمىشى بولۇپ، ئۇ تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بارلىقى ۋە ھەرىكىتى ئىلاھىي زاتنىڭ خاسىيىتىدۇر. ئىلاھىي زات مۇتلەق ياراتقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ياراتمىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلاھىي سىرلىرىدىن نىشانە بېرىدۇ.

ئەتتارنىڭ ئالەم قارىشى ئۇنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن چوڭقۇر كىرىشىپ كەتكەن.

بارلىق تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرىغا ئوخشاش ئەتتارنىڭ نەزىرىدىمۇ

ئىنسان تاشقى شەكىل جەھەتتىن ماددىي دۇنيانىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدە ئىلاھىي نۇر مەۋجۇت. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى بىر تۇرلۇك شاكال ياكى قاسىراقتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا مۇتلەق روھ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شەرەپلىك. مۇشۇ مەنانى كۆزدە تۇتۇپ ئەتتار ئىنسانغا خىتاب قىلىدۇ:

— سېنىڭ گەۋھىرىڭ، يەنى روھىڭنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىگاھى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. بېشىڭدا خەلىپىلىك تاجى بار، خەلىپىنىڭ پەرزەنتىسەن، يەنى ئاللاھنىڭ يەردىكى ئورۇنباسارىسەن. جەننەتتىن چۈشكەنسەن، ئەشۇ گۈلشەن، يەنى جەننەتسىرى ئىنتىلگىن. . . ئادەمىيلىك ۋە ئىلاھىيلىق سۈپەتلىرىدىن ئۇزاقلاشما، سېنىڭ ئەتلەس تونۇڭ ئادەمىيلىك سۈپىتىڭدۇر.

ئىنساننىڭ ماددىلىق سۈپىتى ئۇنى مۇتلەق روھنىڭ بەھرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر پەردە. ئەنە شۇ پەردە سەۋەبىدىن ئىنسان غەپلەتكە گىرىپتار بولىدۇ، نادامەت چېكىدۇ، سەلتەنەتلىك بىر ھىجران ئىلكىدە پۇچىلىنىدۇ، ئۆزىنى مەنىسىز، يولىنى قاراڭغۇ ، قىسمىتىنى خىرە ھېس قىلىدۇ. تۇرلۇك تەشۋىش ، ئىزتىراپلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى يورۇقلۇقتىن، ھەقىقەتتىن يىراق دەپ قاراپ ئىسەنكىرەيدۇ. بۇلار ماددا بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىنسان تۇيغۇسىدىكى ئىپادىلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنسان ئۆزىدىكى ماددىي مالامەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، يەنى پەردىنى يىرتىپ، روھىيەت مەنزىلىگە قەدەم تاشلىيالىسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ شان - شەرەپ - تەختىدە ئۇلۇغۋارلىق تاجىنى كىيەلەيدۇ. ئەتتار ئىنساننىڭ ئەنە شۇ پەللىگە يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ



كەسكىن ھالدا يازىدۇ:

— سېنىڭ ئىچىڭدە جەۋھەر - مۇتلەق روھنىڭ سىرى بار، ئەمما بۇ پەردە ساڭا يول كۆرسەتكۈچى يوق. ئاخىر يوقاتقان نەرسەڭ سېنىڭ ئۆزۈڭدۇر، سەن بۇ زاھىرى سىرلارنىڭ توزىقىغا گىرىپتار بولغانسەن. سەن ياراتقۇچىنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ جەۋھىرىگە ئىگىسەن، ئەمما ئۇنىڭ دىدارىدىن ئۇزاقسەن. سېنىڭ جەۋھىرىڭ ھەممىدىن ئەۋزەل، شۇ جەۋھەر سەن ئۈچۈن ھەقىقىي زاتقا ئېلىپ بارىدىغان رەھبەردۇر. ھايات، پەلەك ۋە يۇلتۇزلار سېنىڭ كۆزلىرىڭ - نىگاھىڭدۇر، ئۆيىنىڭ ئىچىدە سەنۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدىسەن ھەم كۆرۈنىسەن، ھەم يوقسەن.

ئەتتارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاجايىپ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنە ۋە مۇشاھىدىلەرگە باي. ئىنساندا «مۇتلەق روھنىڭ سىرى بار». بۇ ئەتتار ئۈچۈن ھەر قانداق ئېھتىماللىقتىن مۇستەسنا خۇلاسە. ئەمما، ئىنسان يەنى سەن «ئۆيىنىڭ ئىچىدەسەنۇ ئىشىكنىڭ سىرتىداسەن» مانا بۇ ئىنساندىكى ئىزتىراپنىڭ - تراگېدىيىنىڭ سەۋەبى. ئۇنداقتا «ئىشىكنىڭ» ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟ جاۋاب پەقەت بىرلا ، قەلب ئىشىكىنى ئېچىش كېرەك. دەل مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەتتار يازىدۇ:

«روھ ئادەمنىڭ ئىچىدىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆز ئىچىڭگە سەپەر قىلىشىڭ كېرەك».

ئىنسان قەلب ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىگە سەپەر قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۇسۇلىمۇ پەقەتلا بىر، يەنى ئۆزىنى بىلىش، ئەسلىي « مەن» گە قايتىش. ئىنساننىڭ مۇتلەق روھنىڭ «دىدارىدىن ئۇزاق» لىقىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەسلىي «مەن» يەنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن

يىراقلاپ كەتكەنلىكىدە، بۇنى ئەتتارنىڭ تۆۋەندىكى قاراشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

— چۈنكى، سەن ئۆز - ئۆزۈڭدىن ئايرىلغان، ئۆز ئەسلىڭدىن يېگانە بولۇپ، يوقالغانسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولدا ئۆزلۈكۈڭنى ئىزلىگۈچىسەن. سەن ئۆزۈڭگە مەشۇقسەن، ئۆزۈڭگە قايت، سەھرادا يۈرمە، ۋەتەنگە قايت. ئۇشبۇ ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ئىمان پاك بولغۇسى، چۈنكى مەشۇقۇڭ پاك جېنىڭنىڭ ئىچىدىدۇر. ئادەملەر ئۆزگىلەرنىڭ قىياپىتىدە ئۆزلىرىنى كۆرىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تونۇمايدۇ. ئىلاھنى تونۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تەڭرى تائالانى ھەركىم ئەۋۋەل ئۆزىدىن ئىزلىسۇن، «ئۆزىنى تونۇغان رەببىنى تونۇيدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئېسىدىن چىقارمىسۇن. ئۆزلۈكنى تونۇش بولسا مەرىپەتتۇر، مەرىپەت يولى چىن ۋاپا ، قەلب كۆزىنىڭ ئېچىلىشىدۇر.

بۇ پارچىنى ئارتۇقچە شەرھلەشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. پەقەت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قەلب ئىشىكى» دېگەن سۆزنى ئەتتار بۇ يەردە تېخىمۇ ئوبرازلىق ۋە يارقىن ھالەتتە «قەلب كۆزى» دەپ ئالغان خالاس.

ئەتتار يەنە ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنى ماددىي بىرلىك، يەنى سۈرەت، ئۇنىڭدىكى ئىلاھىي روھنى مەنە، يەنى ماھىيەت دەپ قاراپ، ھەقىقى مەۋجۇتلۇقنى مۇتلەق روھ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن روھنى بىرلەمچى، ۋۇجۇد، يەنى ماددىنى ئىككىلەمچى ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى - تاشقى شەكلىگە ئەمەس، قەلبىگە قاراش كېرەك. ئاساسىي ئوبيېكىت يەنىلا ئادەم، روھ ياكى مەنە ئادەمنىڭ ئالەمگە بولغان



مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئامىل. مەسىلەن، ئەتتار يازىدۇ:

— نېمىشقا سۈرەتنىڭ دەردىگە مۇپتىلاسەن، ئەگەر سەن سۈرەتنى تاشلىساڭ كۈللى - بارلىق يەنى خۇداسەن . سەن سۈرەتنىڭ ھەمراھلىقىدىن قۇتۇلساڭ، خۇدانىڭ مەناسىدىن خەۋەردار بولىسەن. سۈرەت سېنىڭ ھېچبىر ئىشىڭغا يارىمايدۇ، خۇدا دىدارىنى جاندا كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سۈرەتنى سۇندۇرساڭ، شەك - شۈبھىسىز سەن ھەقسەن، ئىككىلىك يوقىلىدۇ ۋە سەن كۈللى بولۇپ، ھەق، يەنى خۇداغا ئايلىنىسەن.

«سۈرەتنى سۇندۇرساڭ شەك-شۈبھىسىز سەن ھەقسەن» . يەنى بۇ ئەتتارنىڭ ئادەم ھەققىدىكى ماھىيەتلىك قاراشلىرىنىڭ بىرى. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، تۇخۇمنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئۇ بىر خىل ماددىي بارلىق تۇخۇمنى يېرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن چۈجە چىققاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ماھىيىتى نامايان بولىدۇ، يەنى تۇخۇمنىڭ بىر خىل شەكىل ياكى سۈرەت ئىكەنلىكى ئايانلىشىدۇ. دېمەك، تۇخۇم ھەققىدىكى مەنە ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنى ئادەمگە تەققاسلىغاندا، تەن بىر خىل شەكىل، ئەنە شۇ شەكىلنىڭ فىزىئولوگىيەلىك، پسىخىك ئاساراتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ (يەنى ئۇنى سۇندۇرۇپ) جەۋھەرنى، يەنى جاننى تونۇغاندىلا، ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى چۈجە بىلەن تەننىڭ ئىچىدىكى جان، تۇخۇم بىلەن ئادەمگە نىسبەتەن ماھىيەت، يەنى ھەقىقەتتۇر. ئېنىقكى، ھەقىقەتكە يەتكەنلىك، ھەق بىلەن باراۋەر. ئەتتارنىڭ نەزىرىدە ئادەم بىلەن ئىلاھىي زاتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق. ئەتتار ئىنساننى يۈكسەك دەرىجىدىكى شەرەپ ساھىبى

دەپ قارايدۇ. ئىنساندا مۇتلەق روھنىڭ ئالامىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا ئۇنى مەنتىقى يوسۇندا مۇتلەق روھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. مانا بۇ ئەتتاردىكى ئۆز دەۋرىگە - ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئىسلام مۇھىتىغا نىسبەتەن بۆسۈش خاراكتېرلىك چۈشەنچە، ئەتتار ئىدىيىسىدىكى يۈكسەك شىجائەت ۋە جاسارەتنىڭ مەھسۇلى. مۇتلەق روھ بولسا خۇدا، ئىنساننى خۇداغا تەڭ قويۇش - بۇ كۇپۇرلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. بايەزىد بەستامى ئەنە شۇ قاراش تۈپەيلىدىن كاپىرلىقتا ئەيىبلىنىپ، مەلامەت دەشتىدە سەرسان بولدى. مەنسۇر ھەللاج ئەنە شۇ قاراش تۈپەيلىدىن كاپىرلىقتا ئەيىبلىنىپ، ئاۋۋال قامچىلاش كېيىن تېنىنى ھەمدە ئوتتا كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئەتتار بۇلارنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئەمما، يەنە شۇ « خەۋپلىك قاراش »نى شەرھلەشتىن مەقسەت نېمە؟

ئەتتارنىڭ نەزەرىدە بۇ قاراش ھەرگىزمۇ كۇپۇرلۇقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇنى كۇپۇرلۇق دەپ قاراش بىخۇدلۇق، يۈزەكىلىك ، نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئىلاھىي مەرىپەتنى سەزمىگەن، ئۆزىدىكى زاھىرىي چۈشەنچىلەردىن ھالقىيالمىغان، ئۆز قەلبىگە قۇلاق سالالمىغان، سۈنى كۆلچەكلەردىن ئىچىپ، ھەقىقىي بۇلاقنى ئەستىن چىقارغان كىشىلەر بۇ قاراشنىڭ مېغىزىنى چاقالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى يۈزەكى ھالدا كۇپۇرلۇق دەپ چۈشىنەتتى. ئەمما، مەيلى بايەزىد بەستامى بولسۇن، مەيلى مەنسۇر ھەللاج بولسۇن ۋە مەيلى ئەتتار بولسۇن كىشىلەرنى سۈنى ھەقىقىي بۇلاقنىڭ ئۆزىدىن ئىچىشكە ئۈندەيتتى.

ئەمما، ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ئۆز ماددىي پوستىنى بۆسۈندۈرۈپ، روھ تامان يۈزلىنىشى ئاسانلىقچە تاماملىنىلى



بولىدىغان جەريان ئەمەس. بۇ جەرياندا تۈرلۈك ۋەسۋەسە ۋە مۇشكۈلاتلار ئىنساننى قەدەمدە بىر ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. ئىنساننى مەرىپەتتىن گويا يۈكسەك بىر سېپىلدەك ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئەبەدىيلىك نېسىۋىسىدىن پانىي ئالەم نېمەتلىرى ئارقىلىق مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇنى ئۆتكۈنچى جىلۋىلەر ئارقىلىق غەپلەتكە باشلايدۇ. ئىنساندىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئالامەتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ تەقلىتتە توختاۋسىز كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ئىنساننىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەتتار بۇ كۈرەشتە ئىنساننى شەرەپ مەنزىلىگە، يەنى ئىجابىي خىسلەتلەرگە ئۈندەيدۇ. ئەتتار ئۆزىنىڭ «پەندنامە»سىدە مۇنداق يازىدۇ:

كەمبەغەللىك گەرچە قاتتىق، ئەي جەۋان،
بولماغاي ھەرگىز جەھالەتتىن يامان.

يەشمىسى : ئەي يىگىت، گەرچە كەمبەغەللىك ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جاھالەتتىن ھەرگىز يامان ئەمەس.

ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىكى يوقسۇزلۇق ھېچ گەپ ئەمەس، ھەممىدىن يامىنى مەنىۋى جەھەتتىكى يوقسۇزلۇقتۇر. جاھالەت — نادانلىق، رەزالەت، زۇلۇم قاتارلىقلار مەنىۋى جەھەتتىكى يوقسۇزلۇقنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدۇر. ھەدىسلەردە جاھالەت قىيامەتنىڭ بىر تۈرلۈك ئالامىتى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان.

كىمكى ئول ئۇيقۇدەدۇر ئۆلگەن ئېرۇر،

ئەھلى غەپلەتغە بۇ ئىش بولغان ئېرۇر.
كىمكى ئانىڭ ئەقلۇ ھوشى بولماسە،
ئول ئۆلۈكتۇر، سەن تىرىكلەردىن دېمە.

يەشمىسى: كىمكى بىخۇد بولسا ئۇ ئۆلگەنگە باراۋەر، چۈنكى بۇ ئىش غەپلەت ئەھلىنىڭ ئىشىدۇر. . . ئەگەر كىمنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا بولمىسا ئۇ ئۆلگەنگە باراۋەر، سەن ئۇنى تىرىك ھېسابلىما.

ئەتتارنىڭ نەزەرىدە، ئىنساننىڭ جىسمانىي جەھەتتىن بار ياكى يوق بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈك، تىرىكلىكىگە كاپالەت بولالمايدۇ ھەقىقى ئۆلۈمدۇر، ئۇنىڭ ئىپادىسى قەلبتىدۇر. ئەتتار يەنە بىر ئەسىرىدە يازىدۇ:

مەلىك دىنار شۇنداق دەيدۇ :

مەن ھەسەن بەسرىيدىن: «بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب ئوقۇبەت نېمە؟» دەپ سورىدىم، ئۇ جاۋاب بېرىپ :

— قەلب ئۆلۈمى، — دېدى.

مەن يەنە :

— قەلب ئۆلۈمى دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ :

— ئۆتكۈنچى دۇنياغا مۇھەببەت، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆتكۈنچى دۇنياغا مۇھەببەت نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ نەپسىدىن. بۇ يەردە ئەتتارنىڭ ئىنسان قارىشىدىكى يەنە بىر چوڭ ئۆتكەل مەيدانغا چىقىدۇ.

«ئول ئېرۇر بىل ئادەمىنىڭ ئادەمى،
يىغسە ئەۋۋەل نەفسى بىدىن ھەردەمى.»



«باقماغىل لەززەتى نەفسانى سارى،
باقماغىل ھەم ئالەمى فانى سارى.»
«نەفسنى زىندانغا سالغان ياخشىراق،
ھەرنە دېسە ئەكسىن ئالغان ياخشىراق.»

يەشمىسى: ئالدى بىلەن ھەر ۋاقىت نەپسىنى يىغالىغان ئادەمنى ئادەملەرنىڭ سەرخىلى بىل.

نەپسى لەززىتىگە باقمىغىن، چۈنكى ئۇنىڭغا باقساڭ ئۆتكۈنچى ئالەمگە باققان بىلەن باراۋەرسەن.

نەپسىنى زىندانغا سالغان ( تىزگىنلىگەن ) ياخشى، نەپسى نېمىنى تەمە قىلسا ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلغان ( نەپسىنى يەڭگەن ) تېخىمۇ ياخشى.

«ئەگەر ئەجەلدىن بۇرۇن بىر دەم ئۆلسەڭ، يەنى نەپسىڭنى ئۆلتۈرەلىسەڭ - ئالەمنى ئىگىلىيەلەيسەن».

بۇ خىل مىساللارنى ئەتتار ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. چۈنكى، ئەتتار نەپسىنى ئىنساندىكى مۇھىم ئۆتكەل دەپ قارايدۇ. نەپسى نېمە؟ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا ئۇ ئىنساندا ھايۋانىي خىسلەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى. ئىنسان نەپسى ئىللەتلىرىدىن پاكلانمايدىكەن ئۆزىدىكى ئىلاھىي روھنى ھېس قىلىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئەتتار ئوبيېكتىپ رېئاللىققا نىسبەتەن لايىقىدا بولغان ئىنسانىي مەئىشەتلەرنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ئەمما، ھالال ۋە ھارامدىن ئىبارەت نازۇك ئىنسانى مىزاننى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

كىم ھەرامدىن باتىنىن پاك ئەتمەدى،

روھى بىل ئۆز مەنزىلغە يەتمەدى.

يەشمىسى : ئەگەر كىم ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ھارامدىن پاك تۇتمىسا، بىلگىنكى ئۇنىڭ روھى ئۆز مەنزىلىگە يەتمەيدۇ.

ھالاللىق ئىنسان ئۈچۈن بۇرچ ۋە پەزىلەت. ھارام بولسا ھايۋانىي ئىللەت. ئادەم ئۆزىنى كامال تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ھالاللىق شاراپىتىدىن قەلبىنى پاكلاپ، ھارامدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشى كېرەك.

ئەتتار ئىنسان قارىشىنىڭ تۈپ نېگىزى بولسا، كامىل ئىنسان غايىسىدىن ئىبارەت. بۇ غايىنىڭ نەتىجىسى ئىنسانىنىڭ ئىلاھىي مەرىپەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىنسان ئىلاھىي مەرىپەتكە قانچىكى چوڭقۇر چۆكسە ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىكى يورۇيدۇ ۋە پاكلىنىدۇ. پاكلىنىشنىڭ دەرىجىسى كامالەتنىڭ دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەرىپەتنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئادەم ھەقىقەتنى تونۇيدۇ. ھەقىقەتنى تونۇش بولسا كامىللىققا باراۋەر.

ئەتتارنىڭ نەزىرىدە، كامىل ئىنسان ھەرگىزمۇ يەتكىلى بولمايدىغان قۇرۇق غايە ئەمەس. بايەزىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاج قاتارلىقلار كامىللىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئىنسانلاردۇر. بۇنداق ئادەملەر ھەر بىر دەۋردە مەيدانغا كېلىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ مەرىپىتىنى نامايان قىلىدۇ، شۇ دەۋرنىڭ ساداسىنى جاراڭلىتىدۇ.

ئەتتار ئىنسان قەلبىنى بىر سۈزۈك ئەينەككە، پاكلىقنى ئۇنىڭ جۇلاسىغا ئوخشىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ پاكلىققا ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىدۇ.

ھەر مۇسۇلماننىكى بولسە باتەمىز،



تۆرتنى تۆرتدىن پاك تۇتسۇن ئول ئەزىز.
دىلنى سەن ئەۋۋەل ھەسەددىن پاك قىل،
ئۆزنى سۆڭرە ساھىبى ئىدراك قىل.
پاك قىلغىل كىزبۇ غەيبەتتىن زەبان،
يەتمەسۇن دېسەڭ ئىمانىمغە زىيان.
پاك ئەگەر بولسە رىيادىن ئول ئەمەل،
يەتمەگەي ھەرگىز ئىمانىڭغە خەلەل.
يەتمەسە قارنىڭغە بىر زەررە ھەرام،
مەردى ئىماندار بولغايسەن تەمام.
كىم ھەرامدىن باتىنىن پاك ئەتمەدى،
روھى بىل ئۆز مەنزىلغە يەتمەدى.
كىمنى كىردارى رىيادىن پاك ئەمەس،
بورىيادەك سۈرەتى بىر نەفشۇ بەس.

يەشمىسى : ئەگەر ھەر بىر مۇسۇلماندا پاكلىق بولسا، ئۇ تۆت نەرسىنى تۆت نەرسىدىن پاك تۇتسۇن:

ئاۋۋال سەن دىلنى ھەسەتتىن پاك تۇت، ئاندىن ئۆزۈڭنى ئىدراك ئىگىسى ھېسابلا.

ئەگەر ئىمانىمغا زىيان يەتمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى غەيۋەتتىن ساقلىغىن.

ئەگەر ئىشلىرىڭ رىياكارلىقتىن پاك بولسا، ھەرگىز ئىمانىڭغا تەسىر يەتمەيدۇ.

ئەگەر قارنىڭنى ھارامدىن ساقلىساڭ، سەن ھەقىقىي ئىمانلىق ھېسابلىنىسەن.

روھىنى ھارامدىن پاك تۇتمىغان كىشى روھىي جەھەتتە ئۆز مەنزىلىگە

يېتەلمەيدۇ.

كىمنىڭ قىلىقى رىيادىن پاك بولمىسا ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى خۇددى بورىيادەك بىر شەكىلدىنلا ئىبارەت ، خالاس.

ئەتتار بۇ پارچىدا تۆت نەرسىنى تۆت نەرسىدىن ، يەنى دىلنى ھەسەتتىن، تىلنى غەيۋەتتىن، ئىش - ھەرىكەتنى ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن، نەپسنى ھارامدىن پاك تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئەتتارنىڭ قارىشىچە، ھەسەت، غەيۋەت، ئىككى يۈزلىمچىلىك ، ھارام قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسان قەلبىنى خىرەلەشتۈرىدىغان، بۇلغايدىغان، ئىنساننىڭ ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇپ، مەرىپەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ھايۋانىي ئىستەكلەرگە يول ئاچىدىغان سەلبىي ئامىللاردۇر.

ئەتتار «ئىلاھىينامە» دە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ۋە پاكلىقى بىلەن شاھلىق تەختىگە يەتكەن بىر ئايال ھەققىدىكى ئاجايىپ تەسىرلىك، يالقۇنلۇق بىر ھېكايىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. ئايال ھەر بىر قەدەمدە دىگۇدەك شەھۋەت ۋە ھېرىسنى چىقىش قىلغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن كىشىلەر ھەر خىل پەس، بۇزۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئايالغا زۇلۇم سالىدۇ. ئەمما، ئايال ھايات - ماماتلىق پەيتىدىمۇ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئاخىر مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئەتتار ھېكايىدە پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ :

— توغرا، ھېچبىر جانزات شەھۋەتتىن خالىي ئەمەس، بۇ سىرنى بىلمىگەن ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن مىيىپ، نۇقسانلىقتۇر. ئۇنداق



كىشى ساغلام ئەمەس. ئەمما، شەھۋەت ھەددىدىن ئاشسا ھېرىس، بىخۇدلۇق كېلىپ چىقىدۇ، كېيىن ئۇنى توختىتىپ بولمايدۇ. شەھۋەت شەۋقى كۈچەيسە ئارىدىن مۇھەببەت كۆتۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ماھىيىتى مۇھەببەتتۇر. بىراق، مۇھەببەتمۇ چېگرادا تۇرۇشى كېرەك، ئەگەر چېگرادىن ھالقىپ كەتسە جىنىڭ مەھبۇبىنىڭ كۆزى ئالدىدا ئاجىز، ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ.

ئەتتار ئىنسانغا نىسبەتەن نورمالنى بولغان شەھۋەتنى ساغلاملىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇ ھېكايىدە يەنە: «ئەگەر ئەرلەر بىلەن ئاياللار قوشۇلمىسا ئادىمىزاتنىڭ نەسلى قانداق داۋام قىلىدۇ ؟ ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، قانۇنىيىتى بۇزۇلامدۇ ؟ چۈنكى، بۇ ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەرتىپ تەدبىرىدۇر، مۈلۈك ۋە مەملىكەت، دۇنيا ئىشلىرى شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. بارلىق جانزاتلار قوشۇلۇپ، كۆپىيىپ نەسلىنى داۋام قىلدۇرىدۇ.

مۇقىملىق راۋاجلىنىش شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئادىمىزات مىڭ - مىڭ يىللاردىن ئېشىپ قانچىدىن قانچە رىيازەت - راۋاجلىنىشنى ئۆتكۈزۈپ ھازىرقى ھالىغا كەلگەن.» دەپ يازىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيىتىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى، مۇھەببەتنىڭ ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما، مۇھەببەتنىڭ ھەددىدىن ئاشسا ھېرىسقا - نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ پاكلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مۇھەببەتنى نوقۇل شەھۋەت دەپ چۈشەنمەسلىكنى

ئىسكەرتىدۇ.

ئەتتار ئىنسانىي مۇھەببەتنى قەدىرلەيدۇ، ئىنسانىي مۇھەببەت يولىدىكى جاسارەتنى مەدھىيىلەيدۇ. چۈنكى، ئىنسانىي مۇھەببەتنى «ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەرتىپ تەدبىرى» دەپ قارايدۇ. ئىنسانىي مېھىر، شەپقەت ۋە قەدىر - قىممەتنى كۈيلەش ئەتتار ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ نۇقتىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن ھەر خىل تەپسىلات - ھېكايەتلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق، تەسىرلىك ھالدا يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «مەنتىقۇت - تەير» داستانىدىكى ناننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر ئەسىر ھەققىدىكى ھېكايەتتىن بۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ھېكايەتتە بايان قىلىنىشىچە، بىر پالىۋان جەڭدە رەقىبىھەم ئۇنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە خەنجەر ئالغىلى ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ ئارىدا پالىۋاننىڭ خوتۇنى ئەسىرگە نان بېرىدۇ. پىلىۋان قايتىپ كېلىپ ئەسىرنىڭ قولىدا نان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «بۇ ناننى ساڭا كىم بەردى؟» دەپ سورايدۇ. ئەسىر «ئايالىڭ بەردى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پالىۋان «سېنى ئۆلتۈرۈش ئەمدى ماڭا ھارام بولدى. چۈنكى، بىزنىڭ نېنىمىزنى يېگەن ھەر قانداق كىشىگە بىز تىغ كۆتۈرەلمەيمىز» دەپ ئەسىرنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ.



# تۆتىنچى باب
# فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى

ئوتتۇرا ئەسىر — ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر پەللە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان غەرب ۋە شەرق ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغىنىدەك بۇ پەللە ئالدى بىلەن شەرق مۇسۇلمان ئەللىرىدە مەركەزلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىسلام دىنىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ دىنىي - پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى ۋە مۇئەييەن ئاساس ھازىرلىغان ئېقىم، تەلىماتلار مەيدانغا كەلدى. مەنسۇر ھەللاج، بايەزىد بەستامى، ئابدۇللاھ ئەنسارى (1005 — 1088)، يۈسۈپ ھەمەدانى (1048 — 1148)، سەنائى (1045 — 1141)، مۇھەممەد غەززالى (1059—1111)، ئەھمەد يەسەۋى (1105 — 1167)، ئىبن رۇشد (1126 — 1198)، ئىبن ئەرەبى (1105 — 1167)، سەئدى شىرازى (1184 — 1292)، جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273) قاتارلىق ئۆلىما - ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ ئىسلام دىنى پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا زور

تۆھپىلەرنى قوشتى. فەرىدۇددىن ئەتتار ئەنە شۇنداق قاينام-تاشقىنلىقتا شۇنداقلا دىنىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە تولغان بىر شارائىتتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

ئەتتار ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمانلىق ، ۋىجدانلىق ئەقىل ئىگىسى ۋە يالقۇنلۇق بۇرۇچكار ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىدە ئەينى دەۋر شارائىتىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ھەر خىل شەكىل ۋە ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

ئەتتارنىڭ دىيانەتلىك، مەرىپەتلىك، ئادالەتلىك، تەرىقەت يولىنى تۇتقان شاھ ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئۇنىڭ گۇمانىستىك غايىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ بىر ئەلنىڭ باشپاناھى بولغان شاھ ئۈچۈن زىيانلىق خىسلەتلەر ھەققىدە توختىتىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

تۆرت خىسلەت، ئەي بەرادەر، بىل يەقىن،
پادىشاھلارغا زىياندۇر بىكەمىن.
پادىشاھ كەلگەن بەلاغە كۆلسە گەر،
دەۋلەتىگە بىگۇمان نۇقسان يېتەر.

يەشمىسى : ئەي بۇرادەر، شۇنى بىلگىنكى، تۆت خىسلەت پادىشاھلار ئۈچۈن ئېنىق زىيانلىقتۇر.

ئەگەر پادىشاھ كەلگەن بالاغا كۈلسە، يەنى بىخۇدلۇق قىلسا، ئۇنىڭ دۆلىتىگە چوقۇم نۇقسان يېتىدۇ.



دۆلەتنىڭ بىخەتەر، ئامان بولۇشى ئەل ئۈچۈن بەخت - سائادەت، شاھ ئۈچۈن ئېغىر مەسئۇلىيەت. ئەگەر شاھ بىخۇدلۇق قىلسا، رەقىبلەرنى سەل چاغلاپ مەغرۇرلانسا، دۆلەتكە زىيان يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شاھ ھەر ۋاقىت ھوشيار بولمىقى، دۆلەتكە، ئەلگە پاسىبان بولمىقى كېرەك. بۇ شاھ ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي شەرت.

سۆھبەتى ھەر بىنەۋاۋۇ ھەر فەقىر،
پادىشاھغە يەتكۈزۈر بىشەك ھەقىر.
باز ئەۋرەت بىرلە كۆپ سۆھبەت ئېتەر،
ئۆزىنى ئول شاھ بىھۇرمەت ئېتەر.

دۆلەت باشقۇرۇشتا ئەقىلدارلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، دىتسىز، مەرىپەتتىن يىراق كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىش پادىشاھقا خورلۇق، بىچارىلىكتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن پادىشاھمۇ ئوخشاشلا ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

قىلسە گەر ئاھەڭكى زۇلم ئول پادىشاھ،
سۇد قىلماس ئاڭا بىل خەيلۇ سىپاھ.
كىمنى گەر لافى جەھاندا زائىدۇر،
بىل ئانى مەيلىكىم ئەنا رىدەدۇر.

يەشمىسى: ئەگەر پادىشاھ خەلقىگە زۇلۇم - جاپا قىلسا، ئاۋامنىڭمۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سىپاھلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا پايدىسى

بولمايدۇ.

ئەگەر كىم تولا ماختانچاقلىق قىلسا ئۇنىڭ مەيلىنى جاپا ـ مۇشەققەت تونىنى كىيىش دەپ بىل.

پادىشاھ زالىم بولسا ئەلدىن ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. بۇ سۆز ھەرگىزمۇ مۇنداقلا ئېيتىلغان تەنبىھ ئەمەس. كونىلاردا «ئەل رازى — خۇدا رازى» دېگەن گەپ بار. ئەلنىڭ رازىلىقى ئەلۋەتتە خۇدانىڭ مەرھەمىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلدىن ياخشىلىق كۆرمەسلىك — ئەلنىڭ قارغىشىغا، نەپرىتىگە قېلىش دېمەكتۇر. قارغىش ۋە نەپرەت — قارا يۈزلۈك، دەۋزىخىيلىكنىڭ بەلگىسى. ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېسابلىغان ھەر بىر بەندە ئۈچۈن ( ھەتتا ئۇ پادىشاھ بولسىمۇ ) زالىملىقتىن ئۆزگە ئېغىر گۇناھ ، دوزاختىن ئارتۇق ئېغىر جازا يوق. مانا بۇ ئەتتار ئۈچۈن، ئەتتار ياشىغان دەۋر ئۈچۈن پادىشاھقا ئېيتىلىدىغان ئەڭ كەسكىن، مەزمۇنى چوڭقۇر لىللا گەپ.

ماختانچاقلىق، يالغانچىلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يات ئىللەت، بولۇپمۇ پادىشاھلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. پادىشاھنىڭ ماختانچاقلىقى ۋە يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى پۈتۈن ئەلگە ئاپەت. بۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا پۈتۈن ئەلنىڭ شان ـ شەرىپىگە قىلىنغان ھاقارەت ، شۇنداقلا روھىي زۇلۇمدۇر. بۇنىڭغا سەل قارىغان پادىشاھنىڭ زەر لىباسلىرى «ئەنا رىدە» ، يەنى مۇشەققەت تونىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتار يازىدۇ:

پادىشاھلارگە كېرەكتۇر ئەدلۇ داد،
تا رەئىيەت ئەدلىدىن بولغۇسى شاد.
شاھى ئادىل بولسا ھەم مەيمۇنلىقا،



مەملەكەت، شەھكە يېتەر ئاندىن بەقا.
قىلسا گەر لەشكەرگە سۇلتان كۆپ كەرەم،
لەشكەرى ھەم جان بېرۇر بەھرى دەرەم.

بەشىنچىسى : پادىشاھلارغا دىيانەت، ئادالەت كېرەك، شۇندىلا ئۇ خەلقنىڭ دىيانىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

پادىشاھمۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئادىل بولسا مەملىكەت ۋە شاھقا بەرقارارلىق نېسىپ بولىدۇ.

ئەگەر پادىشاھ لەشكەرلەرگە ياخشىلىق قىلسا لەشكەرلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدۇ.

قىسقىسى، ئادالەت ـ پادىشاھ ئۈچۈن باش مىزان. ئادالەت بولغاندىلا ئەل روناق تاپىدۇ، مەملىكەت مۇستەھكەملىنىدۇ.

ئەتتار ئەسەرلىرىدە پادىشاھلارنى ئىنساپ، دىيانەتلىك بولۇشقا، تەرىقەت يولىنى تۇتۇشقا، مەرىپەت ئىگىلەشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى، ئۆزى كامال تاپقان پادىشاھ ئەلنىمۇ كامالەت يولىغا باشلىيالايدۇ.

ئەتتارنىڭ نەزەرىدە پادىشاھلارمۇ ئەسلىدە ئادەتتىكىدەك بىر ئادەم. ئەگەر پادىشاھ ئۆزىنىڭ شاھلىق تاجىنى ۋە شاھانە تونلىرىنى سېلىۋەتسە ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن پادىشاھ نوقۇل پادىشاھلىق تەختىدىلا ئولتۇرۇۋالماي، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى پات ـ پات ئېسىگە سېلىپ تۇرسا، ئەل ئارىسىغا چۆكۈپ ئەلنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرسا شەۋكىتى يەنىمۇ ئاشىدۇ. ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» داستانىدا ئىسكەندەر ھەققىدىكى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە قىسقا بىر ھېكايەت مىسال كەلتۈرىدۇ:

جاھانگىر ئىسكەندەر بىر كۈنى بىر مەملىكەتكە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولدى. بىر نەچچە ئادەمگە بىر خىل كىيىم كىيدۈردى ۋە ئۆزىمۇ شۇ كىيىمدىن كىيىپ ئەلچىلەر بىلەن بىرگە يولغا چىقتى. ھېچكىم ئىسكەندەر قايسى، ئەلچىلەر قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتى. ھېچكىمدە ئىسكەندەردىن ئالامەت يوق ئىدى، ئەگەر بىرەرسى مەن ئىسكەندەرمەن دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى...

ئىسكەندەر بولسا ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى ھەمدە ھەممىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ ھەر بىر كۆڭۈلگە يول تېپىشقا ئىمكانى، ئىختىيارى بار ئىدى. گۇمراھ دىللارغا يول تېپىش قىيىن، گۇمراھلارنىڭ يولى - گۇمراھلىق، غەپلەت ۋە ئادىششىش يولىدۇر. شاھ گەرچە ھۇجرىنىڭ سىرتىدا ياتتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ھۇجرا ئىچىدە ھەممىگە مەھرەم يەنى ھەمخانە ئىدى.

بۇ پارچىدىكى تاشقى مەنىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. پادىشاھ ئەل ئارىسىغا كىرگەندە ياكى ئاۋامنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغاندا ئۇ پادىشاھ ئەمەس، ئادەتتىكى بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ شۇ ئارقىلىق گۇمراھلىقتىن، غەپلەت ۋە ئادىششتىن ساقلىنىپ ھەر بىر كۆڭۈلگە يول تاپالايدۇ، نەتىجىدە ئۇ قەلب ھۇجرىسىدا ئەل بىلەن بىردەكلىككە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەتتارنىڭ، پادىشاھنىڭ ئەڭ يۈكسەك بۇرچى ھەققىدىكى مەنتىقىي قاراشلىرى روشەنلىشىدۇ: مەقسەت ئەل قەلبىگە يول تېپىش، ئەل بىلەن ھەمنەپەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش. مانا ئەتتارنىڭ ئادالەتلىك شاھ غايىسى ۋە غايىۋى دۆلەت چۈشەنچىسى؛ ئۆزىگە خاس ئىجابىي قاتلامغا ئىگە، ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي جەۋھەرلىرىگە ئاساسلانغان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدىكى دېموكراتىك



تۇسكە باي ھاكىمىيەت ئەندىزىسى.

ئەتتار رەھىمدىللىق ۋە ساخاۋەتنى پادىشاھلارنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارايدۇ. ئۇ «ئىلاھىينامە» دە شۇنداق بىر ھېكايەتنى بايان قىلىدۇ:

بىر پادىشاھنىڭ قەددى - قامىتى ئاجايىپ كېلىشكەن، جەسۇر بىر شاھزادىسى بولۇپ ھەممىلا كىشى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىكەن. شۇ قاتاردا بىر ئايال شاھزادىگە ئاشىق بولۇپتۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت شاھزادىنىڭ يولىغا ئاشىق - بىقارار بولۇپ، شاھزادە ئات مىنىپ شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتسە ئۇ شاھزادە مىنگەن ئاتنىڭ تۇياق ئىزىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ پىغان چېكىدىكەن. بۇ ئىش ھەممە يەرگە پۇر كېتىپتۇ، شاھزادە ئۇڭايسىز ھالەتتە قېلىپ بۇ ئىشنى دادىسىغا بايان قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەر غەزەپكە كەپتۇ ھەمدە دەرھال ئايالنى تۇتۇپ ئاتقا باغلاپ ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلىپتۇ. ئايال تۇتۇپ كېلىنىپ جازانى ئىجرا قىلىشقا تەقلىنىپتۇ. شۇندا ئايال پادىشاھقا، ئاخىرقى بىر ئۆتۈنۈشى بارلىقىنى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتە شاھزادىنىڭ ئېتىغا باغلاپ ئۆلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئايالنىڭ بۇنداق ساداقىتى ۋە جاسارىتىدىن تەسىرلەنگەن پادىشاھ ئايالنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۆز سارىيىغا باشلاپ ئوغلىغا ھەمراھ قىلىپ قويۇپتۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەتتار ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر بىر ئەمەس بىر نەچچە مەنە ۋە مەزمۇن قاتلاملىرىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. يۇقىرىقى ۋەقەدە ئەتتار بىر تەرەپتىن پادىشاھنىڭ رەھىمدىل، باغرى يۇمشاق ۋە ئادىللىقىنى، دىيانىتىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارغا ئىشارە قىلسا، يەنە

بىر تەرەپتىن مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپا ھەم جاسارەتنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقماي كۈرەش قىلىش روھىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ خىل روھ ئەتتارنىڭ ئاياللار ئازادلىقى ھەققىدىكى ئىدىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

ساخاۋەت ۋە ھىممەت ھەققىدىكى تەشەببۇسلار ئەتتار ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پادىشاھلاردىن تارتىپ ھەر بىر پۇقراغىچە ساخاۋەت ۋە ھىممەتنى ئۆزىگە مىزان قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، ساخاۋەت ۋە ھىممەت دىيانەتنىڭ، خالىسلىقنىڭ، مېھرى - شەپقەتنىڭ شۇنداقلا ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىسى. ئەلىشىر نەۋائى ( 1441 — 1501) ساخاۋەت ۋە ھىممەتكە شۇنداق تەرىپ بېرىدۇ: «ساخاۋەت ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھوسۇللۇق دەرىخى، شۇنداقلا شۇ دەرەخنىڭ پايدىلىق مېۋىسىدۇر. ساخاۋەت ئادەمىيلىك مەملىكىتىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزىدۇر، شۇنداقلا شۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بىباھا گۆھىرىدۇر. ساخاۋەتسىز ئادەم - يېغىنسىز باھار بۇلۇتىغا ۋە ھىدى يوق ئەنبەرگە ئوخشايدۇ. . . ئادەم بىر بەدەن بولسا، ھىممەت ئۇنىڭ جېنىدۇر. . . ھىممەتسىز كىشى ئەر ئەمەس، جانسىز بەدەننى ھېچكىم تىرىك دېمەس» .

ئەتتار «ئىلاھىينامە» دە ھىممەت ۋە ساخاۋەتكە ئىشارە قىلىپ مۇنداق بىر ھېكايەتنى مىسال كەلتۈرىدۇ:

كۈنلەردىن بىر كۈنى نۇشىرۋانى ئادىل ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن يۇرت ئايلىنىشقا چىقتى. باغلارنى، ھوسۇللۇق دالالارنى كۆردى. يولى سەھراغا چۈشۈپ، بىلىنى ئۈچ يەردىن باغلاپ سۇ توشۇپ



سەھرانىڭ بىر بۆلىكىنى ئاۋات قىلىپ كۆچەت تىكىۋاتقان بىر چالغا دۇچ كەلدى. چال شىجائەت ۋە زوق بىلەن ئىشلەيتتى. نۇشىرۋاننىڭ چالغا ھەۋىسى كەلدى ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— سالام سىزگە ئاتا، ھارماڭ. ساقىلىڭىز ئاقىرىپ يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەم ئالسىڭىز بولمامدۇ، بۇ دۇنيايىڭىزدىن ئۇ دۇنيايىڭىز يېقىنراق كۆرۈنىدۇ. سىز تىككەن كۆچەتلەر كۆكىرىپ ھوسۇل بەرگۈچە قانچە يىللار كېتىدۇ، ئۇنىڭغىچە سىز بارمۇ، يوقمۇ ؟

چال پادىشاھقا قاراپ دېدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىزگىچە قانچىدىن - قانچە ئادەم دەرەخ كۆكەرتىپ كەتتى. مېۋىسىنى بىز يېدۇق. ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. مەن بۇ كۆچەتلەرنى ئۆزۈم ھوزۇرىنى كۆرەي دەپ تىكىۋاتقىنىم يوق، بەلكى كەلگۈسى ياشايدىغان ئادەملەر، يەنى ئەۋلاتلار مېۋىسىنى يېسۇن دەپ تىكىۋاتىمەن.

چالنىڭ گەپلىرى نۇشىرۋانغا ياقتى. خۇشال بولۇپ، مۇشۇ سەھرانى ئاۋات قىلىشقا سەرپلىگەيسىز، دەپ بىر ھەميان ئالتۇن بەردى.

— شاھىم مانا كۆردىڭىزمۇ، مەن تىككەن كۆچەتلەر مېۋە بەردى، — دېدى چال.

نۇشىرۋان چالنىڭ بۇ سۆزىدىن يەنىمۇ يايراپ كەتتى ۋە يەنە بىر ھەميان ئالتۇن ھەدىيە قىلدى.

ئەتتار «پەندنامە» دە پادىشاھقا پىتنە - پاسات ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ :

ئەۋۋەلىدۇر مۇلكىغە جەۋرى ئەمىر،
يانە قىلسە كۆپ خىيانەت ئول ۋەزىر.
كىم يەنە يېگى خىيانەتلىك ئېرۇر،
پادىشاھ مۇندىن زەلالەتلىك ئېرۇر.

يەشمىسى: قول ئاستىدىكىلەرگە جەبىر - ستەم قىلىدىغان ئەمىر، خىيانەتكار ۋەزىر ھەم خىيانەتكار بەگلەردىن پادىشاھقا ياخشىلىق كەلمەيدۇ يەنى ئۇلار پادىشاھنى ھەق يولدىن ئازدۇرىدۇ.

ئەمىر قول ئاستىدىكىلەرگە جەبىر - زۇلۇم سالسا، ۋەزىر ۋە بەگلەر خىيانەتلىك قىلسا بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە پادىشاھ يولدىن ئادىشىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەل بېشى ھوشيار بولۇشى، قانۇننى قاتتىق يۈرگۈزۈشى، زالىم ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. پاسىق ئەمەلدارلار خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ پادىشاھنى دەپسەندە قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ ھۇلىنى كولاپ ھاكىمىيەتنى چىرىكلەشتۈرىدىغان، ۋەيران قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ھەم ۋەزىرى بولسە غافىل بىخەبەر،
مۇلكى شەھ ئاندىن بولۇر زىرۇ زەبەر.
قىلسا گەر شەھ مۇلكىغە بىگى ستەم،
پادىشاھگە يەتكۇسىدۇر كۆپ ئەلەم.

يەشمىسى: ئەگەر ۋەزىر غاپىل، نادان بولسا ئەلگە ئاسايىشلىق بولمايدۇ، بەگ ئەلگە زۇلۇم سالسا ئۇنىڭ زىيىنى پادىشاھقا بولىدۇ.

ۋەزىر چوقۇم زېرەك ، دانا بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ



پادىشاھنىڭ تايانچى، ئەلنىڭ كۆز، قۇلىقى. ئەگەر ۋەزىر غاپىل بولسا ئەلگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك بولمايدۇ. بەگلەر ئەلگە زۇلۇم قىلسا بۇنىڭ ئەلىمى پادىشاھقا بولىدۇ. دېمەك پادىشاھ ئەلنىڭ ئاتىسى، قالغان ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ ۋاستىسى. ۋاستىدىن چاتاق چىقسا جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنى ئەلگىمۇ، پادىشاھقىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن :

چۇن سەلاھىيەت ئىشىنى شەھ ئېتەر،
بىگى ھەم قۇل زۇلمىدىن كوتەھ ئېتەر.
بولماسە گەر ۋاقىفۇ دانا ۋەزىر،
پادىشاھغە كۆپ يېتەر ئاندىن زەرىر.
تۇتماسە گەر شەھ سىياسەتنى بىكار،
بۇزغاي ئول شەھ مۇلكىنى كۆپ نابىكار.

يەشمىسى : پادىشاھ ئۆز سالاھىيىتىنى جارى قىلدۇرسا ئۇنىڭ بېگىمۇ قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم سېلىشتىن قولىنى يىغىدۇ.

ئەگەر ۋەزىرى زېرەك ھەم دانا بولمىسا، پادىشاھقا ئۇنىڭدىن كۆپ زىيان يېتىدۇ.

ئەگەر پادىشاھ سىياسەتنى قاتتىق تۇتمىسا، ناباپ كىشىلەر ئۇنىڭ دۆلىتىنى بۇزىدۇ، يەنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

غەيۋەت — ئەل ئارىسىغا پىتنە-پاسات ئۇرۇقىنى چېچىپ ئىناقلىقنى بۇزىدىغان، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى كۆيدۇرۇپ، ئارازلىق، ياتلىشىش ئىشىكىنى ئاچىدىغان، ئەلنىڭ مەنىۋى تەكشۈكلۈقىغا زەھەر چاچىدىغان رەزىل ئىللەت. ئەتتار ئەنە شۇ مەسىلىنى كۆزلەپ مۇنداق

يازىدۇ :

سالما تىل غەيبەت سارى، ئەي ھوشمەند،
تۇشمەسۇن تا قول ئاياغىڭ ئۇزرە بەند.
كىم تىلىن غەيبەت سارىدىن ساقلادى،
ئول ئۆزىن ئافەت ساردىن ساقلادى.

يەشمىسى : ئەي ھوشيار ئادەم، غەيۋەتكە بېرىلمە، غەيۋەت تۇپەيلىدىن ساڭا كىشەن سېلىنمىسۇن.

كىم تىلىنى غەيۋەتتىن ساقلىسا، شۇ ئۆزىنى ئاپەتتىن ساقلايدۇ.

غەيۋەتنىڭ زىيىنى ئالدى بىلەن غەيۋەت قىلغۇچىغا بولىدۇ. ئۇ غەيۋەت ئارقىلىق ئۆزىگە كىشەن سالىدۇ. ئەلنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ، دوست — بۇرادەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن چۈشىدۇ، ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. غەيۋەت كۆڭۈلنى بۇلغاپ، مەرىپەتنىڭ يۈزىگە ھاياسىزلىق پەردىسىنى تارتىدۇ. غۇم - خۇسۇمەت ۋاستىسىدە تۇخۇمغا تۇك ئۈندۈرىدۇ. شۇڭا، ئەتتار:

پاك قىلغىل كىزىبۇ غەيبەتتىن زەبان،
يەتمەسۇن دىيسەڭ ئىمانىمغە زىيان.

يەشمىسى : ئىمانىمغا زىيان يەتمىسۇن دىسەڭ، تىلىڭنى يالغانچىلىق ۋە غەيۋەتتىن پاك تۇتقىن، دەپ خىتاب قىلىدۇ.

زېرەك كىشىلەر ھەر ۋاقىت ئۆزىنى غەيۋەتتىن يىراق تۇتىدۇ. چۈنكى غەيۋەت قىلىش پاسىقلىق، ئەخمەقلىقنىڭ بىشارىتى. ئەتتار



ئەخمەقنىڭ ئالامىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئەھمەقىدە ئۈچ ئەلامەت باردۇر،
بىرى ئولدۇر يېگەنى مۇرداردۇر.
بىرىدۇر كۆپ سۆزلەمەك ئادەت ئاڭا.
ھەم ئىبادەت ۋەقتىدۇر كۇھلەت ئاڭا.

يەشمىسى: ئەخمەقنىڭ ئۈچ ئالامىتى باردۇر، ئۇنىڭ بىرى ھارام يېيىش، بىرى كۆپ سۆزلەشنى ئادەت قىلىش، يەنە بىرى ئىبادەت ۋاقتىدا ياسىنىش.

پاسىقلارنىڭ بەلگىسىنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

بولدى فاسىقلاردىن ئۈچ ئىش ئاشكار،
بىرى فاسىد ئىش ئېرۇر لەيلۇ ناھار.
دائىم ئازارى خەلايىقدۇر بىرى،
تەركىدۇر دائىم شەرئىەت بۇيرۇغى.

يەشمىسى: پاسىقلاردىن ئۈچ ئىش ئاشكارە بولىدۇ، بىرى كېچە - كۈندۈز بۇزۇق ئىش قىلىش، بىرى دائىم خالايىققا ئازار بېرىش، يەنە بىرى شەرىئەت بۇيرۇقىنى بىجىرمەسلىك.

ئەتتار كىشىلەر ئارىسىدىكى بەختسىزلىك، رەھىمسىزلىك ۋە ناكەسلىك ئالامەتلىرىنىڭ مەنبەسى جاھالەتتە دەپ قارايدۇ. جاھالەتتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ ئادەم روناق تاپالمايدۇ، ئەلگە ئاسايىشلىق بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

كىم جاھالەتتىن ئۆزىنى دۇر ئەتمەدى،
ھەرگىز ئاندىن بەختى بەد ئايرىلمادى.
كىم خەلايىققە تەرەھھۇم قىلماغاي،
ئەسلا ئاڭا بەختۇ دەۋلەت كەلمەگەي.
ئۆتسە ناكەسلىكتە ھەر كىمنىڭ كۈنى،
كەلمەگەي سەمئىغە دەۋلەتنىڭ ئۈنى.

يەشمىسى: كىم جاھالەتتىن ئۆزىنى يىراق تۇتمىسا، ئۇنىڭدىن بەختسىزلىك نېرى بولمايدۇ.

كىم خالايىققا رەھىم - شەپقەت قىلمىسا، ئاڭا بەخت - دۆلەت ئەسلا كەلمەيدۇ.

كۈنى ناكەسلىكتە ئۆتكەن كىشىنىڭ قۇلىقىغا بەخت - دۆلەتنىڭ ئۈنى يەتمەيدۇ.

جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىشنىڭ شەرتسىز يولى — ئىلىم ئىگىلەش. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن زىرەكلىك، ئىجتىھات كېرەك. ئەتتار ئىلىم ئۈچۈن ئەقىلنى ئالدىنقى شەرت ھېسابلايدۇ. چۈنكى، ئەقىل ساغلام تەپەككۇر، ئۆتكۈر پاراسەت، ئويغاق ئاڭ، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە يالقۇنلۇق شىجائەتنىڭ يىغىندىسى، پاكىز قەلب، سەمىمىي ئېتىقادنىڭ ئىپادىسى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بىخۇد، مەسلەكسىز، مەقسەتسىز، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئۆزلۈك قىممىتىنى يوقاتقان كىشىلەر بۇ نېسىۋىگە نائىل بولالمايدۇ:

ئىلىم قىلماس بىئەقىل بىرلەن نىشەست،
بىئەقىل تاپقايمۇ ئىلىم، ئەي ئاسىيەست.



يەشمىسى: ئىلىم ئەقىلسىز كىشىلەر بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئەقىلسىز كىشى ئىلىم تاپالامدۇ؟

ئەتتار كىشىلەرنى شەخسىي مەنپەئەتنىلا كۆزلىمەسلىككە، ئەلنىڭ قەدرىنى تونۇشقا، دوستلۇقنى قەدىرلەشكە، قانائەتچان بولۇپ نەپسىنىڭ قۇلى بولماسلىققا، كەمتەر بولۇپ مەرد، كىچىك پېئىل كىشىلەردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ:

قىلما ھەرگىز ئۆز مۇرادىڭ بىرلە ئىش،
كىم مۇرادىڭگە پۇشايمان بار ئىمىش.
ئەلنى قەدرىنى تانۇغىل، ئەي پىسەر،
تا سېنىڭ قەدرىڭنى بىلسۇن ئۆزگەلەر.
تا تىلىم بولسۇن دېسەڭ ئەلغە دراز،
دوست ھاجەت ئەيلە، سىررىدىن ئەيلە ئاز.
دوستلارگە كىمنى قەدرى بولمادى،
ئول ئۆلۈكدۇر، گەرچى جانى ئۆلمەدى،
كىمدە گەر يوقدۇر قەنائەتدىن نىشان،
بەس ئانى باي ئەيلەمەس مۈلكى جەھان.
ھەم تاۋازىئلىك بولۇپ، بول با ئەدەب،
مەردۇ تەقۋا سۆھبەتىن قىلغىل تەلەب.

يەشمىسى: ھەرگىز ئۆزۈڭنىلا كۆزلەپ ئىش قىلما، بۇ ئىشتا پۇشايمان بار.

ئەلىنىڭ قەدرىنى تونۇغىن، شۇ ئارقىلىق باشقىلار سېنىڭ قەدرىڭنى بىلسۇن.

ئەل ئارىسىدا تىلىم ئۇزۇن بولسۇن دېسەڭ دوست ئىزلە، ئەمما سىر سورىما.

ئەگەر دوستلارغا كىمنىڭ قەدرى بولمىسا، ئۇنىڭ جېنى بولغان بىلەن ئۆلگەنگە باراۋەر.

ئەگەر كىمدە قانائەتتىن نىشان بولمىسا، ئۇنى جاھاننىڭ مۈلكىمۇ باي قىلالمايدۇ.

كەمتەر ھەم ئەدەپلىك بول، مەرد تەقۋادارلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىزلە.

دەرۋەقە، نەزەر دائىرىسى تار، كۆزى كىچىك، دوستلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، ھەدىسىلا نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ھاكاۋۇر ئەمما ئىلىمدىن خەۋىرى يوق كىشىلەر جەمئىيەتنى بۇلغاپ، ئەلنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ. ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ھىدايەتكە ئۈندەش ئەتتار كەبى تەۋەرۈك زاتلارنىڭ ۋىجدانى بۇرچى. ئەتتار ئەنە شۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسپ كىشىلىرىگە ئەخلاقىي، ئەقلىي، ۋىجدانىي دەستۇرلاردىن ھېكمەتكە باي تون پىچىدۇ:

كىم سېنىڭ يۈزۈڭگە ئەيىبىڭ ئايتەدۇر،
بىل سېنى زۇلمەتدىن نۇرگە قايتەرۇر.
ساڭا ھەر كىم گەر بولۇپدۇر رەھنەما ،



جان بىلەن قىلغىل ئانى شۇكرىن بەجا،
ھەم خىرەدمەندى زەمانىڭنى تانى،
ياخشى خۇلقۇ ياخشى خەلقىڭنى تانى.

يەشمىسى: كىم سېنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىڭنى يۈزۈڭگە ئېيتسا، بىلگىنكى، بۇ سېنى زۇلمەتتىن نۇرغا باشلىغان بىلەن باراۋەر.

ئەگەر ساڭا ھەر قانداق ئادەم يولباشچى ـ ئۇستاز بولسا، جان بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرگىن،

ئۆز زامانىڭنىڭ پاراسەت ئىگىلىرىنى تونۇغىن، ياخشى خۇلق، ياخشى خەلقىڭنى تونۇغىن.

دۇنيادا ئەيىبسىز ـ نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ، ئەيىبنى تۈزىتىپ، پاكلىق مەرتىۋىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئەيىبنى تونۇش كېرەك. بىراۋنىڭ ئەيىبىڭنى يۈزۈڭگە سېلىشى ساڭا قىلىنغان چوڭ ياردەمدۇر. بۇ سېنى زۇلمەتتىن نۇرغا باشلىغانغا باراۋەر. ئەيىبنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى سەن ئۈچۈن رەھنەما ـ يول باشلىغۇچىدۇر، سەن ئۇنىڭغا جان، دىلىڭ بىلەن رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن زامانىڭ پاراسەت ئىگىلىرىنى، ياخشى خۇلق ھەم ساڭا شۇ خۇلقنى ئۆگەتكەن ياخشى خەلقىڭنىڭ قەدرىنى بىل.

ئەتتارنىڭ نەزەرىدە ئىنسان بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ نېگىزى. شۇنداق ئىكەن ئىنساندىكى ئەيىب ـ نۇقسانلار يالغۇز بىر ئادەم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي مىزانلىرىغا

دەخلى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنتىزىم، بەركامال، ساغلام جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىشنى ھەر بىر ئادەمدىكى ئەيىب - نۇقسانلارنى تۈزىتىشتىن باشلاش كېرەك. ھەر بىر ئادەمنىڭ خۇلقى ياخشىلانغاندىلا، ئاندىن پۈتكۈل خەلقنىڭ خۇلقى ياخشىلىنىدۇ.

ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇمى ئىنسانغا نىسبەتەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنىڭ پاسىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ پاسىلدا ئىنساننىڭ قايسى تەرەپكە مايىللىقىنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنىڭ نەتىجىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىنسان ئەنە شۇ پاسىلدا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممەت ۋە ئار - نومۇسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتار ئەسەرلىرىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ:

كىمدە بولسا ئەقىل ۋە دانىشدىن چىراغ،
بولىدۇ تۆت نەرسىدىن ئۇ دائىم يىراق.
نالايىق ئىشلارغا يول قويمايدۇ ئۇ،
كىشىلەرنى نائۈمىد قالدۇرمايدۇ ئۇ.
ھوشيار بول، قىلما يامانلىق مەيلىنى،
بولما يېنىك، قىل ئامانلىق مەيلىنى.

يەشمىسى: كىمدە ئەقىل - پاراسەتتىن نىشان بولسا، ئۇ تۆت نەرسىدىن دائىم يىراق بولىدۇ:

ئۇ نالايىق ئىشلارغا يول قويمايدۇ، كىشىلەرنى نائۈمىد



قالدۇرمايدۇ.

ھوشيار بولۇپ، يامانلىق خىيالىنى قىلمايدۇ، يېنىكلىك قىلماستىن، ئامانلىقنىلا ئويلايدۇ.

ياخشىلىق — ئامانلىق، يامانلىق — دىشۋارچىلىق. مانا بۇ ئەتتارغا خاس ئەقلىي يەكۈن. يامان ئىشلارنى قىلىش ئەلۋەتتە يامانلىق؛ شۇنداقلا يامان ئىشلارغا يول قويۇش، كىشىلەرنى نائۈمىد قالدۇرۇشمۇ يامانلىق. كىشىلەرنى نائۈمىد قالدۇرۇش تۈرلۈك ئىش - ئەمەللەردە كىشىلەرنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يەردە قويغانلىقىنىڭ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. شۇنداق ئىكەن بۇ ئەلۋەتتە يامانلىق.

دائىما بولاي دېسەڭ ساقۇ ئەمان،
ياخشىلىق كۆرسۈن سەندىن پۈتكۈل جاھان.

يامانلىق — بىر خىل كېسەللىك يەنى ئىللەت، ئۇ يامانلىق قىلىنغۇچىغا زۇلۇم قىلىپلا قالماي، يامانلىق قىلغۇچىنىمۇ ئازابلايدۇ.

كىم بىراۋ باغرىنى زۇلۇمدا تىلدى،
ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يارىدار قىلدى.

شۇڭا ئەتتار كىشىلەرگە خىتاب قىلىدۇ:

قولۇڭدىن ياخشىلىق كەلمىسە، قىلما يامانلىق ھەم،
ۋۇجۇدۇڭ قىلمىشىڭدىن كۆرمىسۇن ھەرگىز ئازاب - ئەلەم.

ياخشى خۇلق - ياخشىلىقنىڭ ئاساسى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ:

كېرەك بولسا ئابروي ئالەمدە،
ياخشى خۇلۇق بولسۇن ئادەمدە.

ئەتتار ياخشى سۆزنىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىدۇ:

ئەي بەرادەر، بولسا ئەس - ھۇشتىن نىشان،
بول مۇلايىم، با ئەدەب، شىرىن زەبان.

قىسقىسى، ئەتتار ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ئەتراپلىق چوڭقۇر كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ يىغىندىسىنى ياخشىلىق ئۇقۇمى بىلەن ، ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يات بارلىق ئىللەتلەرنى يامانلىق ئۇقۇمى بىلەن شەرھلەيدۇ.

ئەتتارنىڭ بەخت - سائادەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىق ئىدىيىسىگە ياندىشقان ھالدا قايىل قىلارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇ مىننەتسىز ئېھسان، كىشىگە ئازار بەرمەسلىك ۋە ئازغاننى توغرا يولغا باشلاش قاتارلىق ئۈچ ئىشنى سائادەتنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ. بۇ ئۈچ ئىشنىڭ تېگى پەقەتلا



ئۆزگىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئۆزگىلەرگە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، ئۆزگىلەرنى ئويلاش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل ئېسىل پەزىلەتنى چىقىش قىلىدۇ.

ئەتتار ئېغىزدىن چىققان سۆز، كاماندىن ئېتىلغان ئوق، باشقا كەلگەن قازا ۋە زايە بولغان ئۆمۈردىن ئىبارەت تۆت ئىشنى ئۆتسە، قايتۇرغىلى بولمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئادەمگە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغان ئىش دەپ تەلقىن قىلىدۇ ھەمدە كاماندىن ئېتىلغان ئوقنى ئېغىزدىن چىققان سۆزگە، زايە بولغان ئۆمۈرنى باشقا كەلگەن قازاغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تىلدا ئۆزىگە ئاگاھ بولۇشقا، ئۆمرىنى مەنىسىز ئىشلارغا زايە قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ.

ئەتتار يەنە تۆۋەندىكى سەككىز ئىشنى ئادەمگە خارلىق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ:

1) چاقىرمىسىمۇ مېھمان بولۇش، 2) جاھىللىق، 3) جېدەلخۇمارلىق، 4) ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش، 5) بىراۋ قۇلاق سالمىسىمۇ توختىماي سۆزلەش، 6) دۈشمەندىن ھاجەت ئىزلەش، 8) ئايال كىشىگە ۋە بالىغا چاقچاق قىلىش.

ئەتتار ئەسەرلىرىدە ئەخلاق مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەتتار پەلسەپىسىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولغان كامىل ئىنسان غايىسىنىڭ تەرتىپلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكتىن باشلىنىدۇ.

# بەشىنچى باب
# فەرىدۇددىن ئەتتار ئىدىيىسى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەسىرى

ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ۋە شۇ ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا يازغان ئەسەرلىرى ئەتتاردىن كېيىنكى پارس تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئەدەبىياتىغا شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئەدەبىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئەدەبىياتىغا بىرىنچىلەردىن بولۇپ ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنى بېيىتىپ يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن كىشى كىچىكىدە دادىسى بىلەن بېرىپ ئەتتارنى يوقلىغان، ئۇنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ، ئۇ سوۋغا قىلغان «ئەسرارنامە» ناملىق ئەسەرنى ئەڭگۈشتەر قاتارىدا يېنىدىن ئايرىمىغان مەۋلانا جالالىددىن رۇمى بولدى. ئۇ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە ئەدەبىياتىنى بېيىتىش ھەم قانات يايدۇرۇشتا ئەتتاردىن ئەتراپلىق روھىي ئوزۇق ئالدى، ئەتتارنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلدى.

جالالىددىن رۇمى ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئۇستازلىق ئورنىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يەنە بىر مەشھۇر تەسەۋۋۇپ شائىرى



سەنائى بىلەن سېلىشتۇرغان ھالدا شۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئەتتار روھ بۇدۇ، سەنائى دۇ چەشمى ئۇ،
ما ئەز پەئى سەنائىۋۇ ئەتتار ئامەدىم.

مەنىسى: ئەتتار روھ ئىدى، سەنائى ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئىدى، بىز سەنائى ھەم ئەتتارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلدۇق①. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى ئىچىدە مەيلى چوڭقۇر ياكى قىسمەن دەرىجىدە بولسۇن، ئەتتارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىرى يوق دېيەرلىك. مەيلى تەسەۋۋۇپ تەلىماتى نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئەتتار ھامان ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق سېھرىي كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى پارس مۇتەپەككۇرلىرىدىن ھافىز شىرازى ( 1300 — 1389 ) ، ئابدۇرەھمان جامى ( 1414 — 1492 ) قاتارلىقلارمۇ ئەتتارنىڭ تەسىرىدىن بەھرە ئالغان.

مىلادىيە 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تۈركىي خەلقلەردىن بولغان ئەلشىر نەۋائى ئەتتار تەلىماتىنى تۈركىي تىلدا ئىجادىي شەرھلەپ، ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى ئورنىنى يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلدى. ئۇ ئەتتارغا نەزىرە تەرىقىسىدە يازغان « لىسانۇت ـ تەير» («قۇشلار تىلى ») ناملىق ئەسىرىدە ئەتتار ھەققىدە مۇنداق

① (ئۆزبېك تەتقىقاتچىسى سۇلتان مۇرات ئالىمنىڭ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1992-يىلى 13-نويابىر سانىدىكى «ئۇۋەيسىي ھەم ئۇۋەيسىيمىدى؟» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

دەپ يازىدۇ: «ئۇ ماڭا قۇش تىلىنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىششىپ يېتىلدىمكى، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم، تۈركلەرچە سازلارغا تۈركلەرچە كۈي ۋە ناخشىلارنى جۆر قىلدىم؛ مەستلىك ئىچىدە گوياكى يېقىملىق سايرىغۇچى قۇشتەك ناۋا قىلدىم».

دەرۋەقە، نەۋائى ئەتتارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىجتىمائى تەسىرىنى تۈركى تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى ھەم ئەدەبىي رىشتىنى يەنە بىر بالداق چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. نەۋائى ئەتتارنى سەممىي ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن«فانىيلىق كۇھىقاپىنىڭ ئەنقاسى، جىمى قۇشلار تىلىنىڭ داناسى، شەرىئەت يوللىرىنىڭ پېشۋاسى، تەرىقەت ئەۋلىيالىرىنىڭ قىبلىگاھى، ھىدايەت شامى بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرغۇچى، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ كەشپىياتچىسى، نازۇكلۇق نۇرلىرىنىڭ ناتىقى، مەرىپەت ئەھلىلىرىنىڭ تاجدارى» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ نەۋائىدەك مۇتەپەككۇر ئەدىبنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە ھاياجانلىق تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆگىنىش، سىلىشتۇرۇش، چوڭقۇر، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش نەتىجىسىدە يەكۇنلىگەن ھەقىقىي قايىلمەنلىك ۋە ۋىجدانىي ئىپتىخار بۇرچىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر نەۋائىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق سەممىي ئېتىقاد بىلەن قوبۇل



قىلدى.

ئەتتارنىڭ «پەندنامە» قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرى شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇش قوللانمىسى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەتتارنىڭ تەسىر دائىرىسى يەنىمۇ كېڭىيىپ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەتتار روھىدىن قۇربى يەتكۈچە بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

ئەتتارنىڭ «مۇختارنامە» ناملىق ئەسىرى نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن سۇلتان سەلىم دەۋرى (مىلادىيە 1566 ـ 1574 ـ يىللار) دە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

15 ـ ئەسىردە ياشىغان مۇھەممەد بەدەخشانى «مەنتىقۇت ـ تەير» نى قىسقارتىپ يېزىپ تۈرك سۇلتانى بايازىد I گە تەقدىم قىلغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خوتەنلىك شائىر ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى «مەنتىقۇت ـ تەير» نى ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىي يېزىپ چىققان.

ئەتتارنىڭ «مۇسىبەتنامە» ناملىق ئەسىرى، سۇلتان مۇرات I نىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن پۇرمۇھەممەد ئىسىملىك تەرجىمان تەرىپىدىن «تەرىقەتنامە» دېگەن نام بىلەن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەتتارنىڭ «ئىلاھىينامە» ناملىق ئەسىرىمۇ سۇلتان مۇرات II نىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شەمسىددىن ئەھمەد سىۋاسىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن تۈركىي تىلغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان.

«پەندنامە» تۈرك، فرانسۇز، گېرمان، لاتىن ۋە ھىندى تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان، كۆپ قېتىم شەرھلەر يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمان ئەبەيدۇللاھ تەرىپىدىن مىلادىيە 1899-يىلى قىلىنغان چاغاتايچە تەرجىمىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىندى.

«تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان بىر تەرجىمە نۇسخىسى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ 1890- يىلى نەشر قىلىنغان فرانسۇزچە تەرجىمىسمۇ بار. تۈركىيىدە ئۇنىڭ تۈركچە ۋە ئاناتولى تۈركچىسىگە قىلىنغان تەرجىمىلىرىمۇ بار.

«گۇمگۇمنامە» نىڭ رۇسچىغا ۋە تۈركچىگە قىلىنغان تەرجىمىلىرىمۇ بار. ئەسەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ھىجرىيە 1289 - (مىلادىيە 1873-) يىلى قازان دارىلفۇنۇن مەتبەسىدە نەشر قىلىنغان.

بۇلار ئەتتار ئەسەرلىرىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىگىچە بولغان جەريانىدىكى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالىنىڭ ئۆزۈم ئېرىشكەن قىسمەن ئۇچۇرلىرى، خالاس.

شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تارىختا ئەتتار ئەسەرلىرى ئۇزۇلدۇرۇلمەي كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ھەم شەرھلەنگەن. بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدىنىشكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.



# ئەسلەتمە

شۇنداق قىلىپ ئەتتار ھەققىدىكى بۇ قېتىمقى ئىزدىنىشلىرىم مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. بۇ جەرياندا مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەتتار دۇنياسى چىن مەناسى بىلەن ئاجايىپ باي بىر سىرلار خەزىنىسى ئىكەن. بۇ خەزىنىگە نەزەر تاشلىغان ئادەم ئەتتارنىڭ سېھرىي كۈچىگە قايىل بولماي قالمايدىكەن. ئەگەر مەن بۇ يازمىلىرىم ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە ئەتتار توغرۇلۇق ئاز - تولا نەپ يەتكۈزەلىگەن بولسام، ئۆزۈمنى بۇ بۈيۈك زاتنىڭ شەرەپلىك نامى ئالدىدا ئامەتلىك ھېسابلايمەن.

ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلەرگە بۇلارنى يېزىش جەريانىدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئەسلەتمە بېرىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم:

1. ئەتتارنىڭ نامىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ كۆپ قىسمى ئەتتارنىڭ مەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى. يەنە بىر قىسىم مىساللار چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللار مەنبەسىدىن ئېلىندى. پەقەت ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئومۇمىي چۈشەنچىلەر ھەققىدىكى ئايرىم بىر ئىككى مىساللار نەۋائىنىڭ «مەنتىقۇت - تەير» نى تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا يېزىپ

چىققان «لىسانۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن ئېلىندى. بۇنىڭدا نەۋائىنىڭ ئۆز تىلىدىن يازغان « مەن بۇ سۆزلەرنىڭ لايىھەسىنى ئۆزۈم تۈزمىدىم، بەلكى شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ سۆزلىرىنى شەرھلىدىم» ، «مېنىڭ ئۈمىدىم شۇكى، ھەر كىم بۇ كىتابىمغا كۆز سېلىپ ئوقۇسا، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلىگە ھارارەت چۈشسە، ئۇنى شەيخنىڭ نەپەسلىرىدىن دەپ بىلسۇن.» دېگەن سۆزلىرى تۇتقا قىلىندى.

2. كەلتۈرۈلگەن مىساللار كۆپ ھاللاردا قوش چېكىتتىن كېيىن باش قۇردىن باشلاپ ئېلىندى. پەقەت جۈملە ئىچىدە كەلگەن ئايرىم مىسال ۋە ستاتا سۆزلىرىلا قوش تىرناق ئىچىدە ئېلىندى. مىساللار ئوقۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن نەسرى يەشمىسى بويىچە ئېلىندى. «فەندنامە» چاغاتاي تىلى بويىچە قىلىنغان تەرجىمە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئېلىنغان مىساللارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە يەشمىسى بېرىلدى.

3. ئەتتار دۇنيا قارىشىنى چۆردىگەن ھالدا كەلتۈرۈلگەن بەزى مىساللار گەرچە ئەتتار ئەسەرلىرىدە بولمىسىمۇ، ئەتتار قاراشلىرىنى يورۇتۇشقا باب كېلىدىغان باشقا تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ۋە تەتقىقاتىغا ئائىت مەنبەلەردىن ئېلىندى.

4. ئەسەرنى يېزىشتا ئاساسلىقى ئۆزبېك ئالىمى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بويىچە پىشقان تەتقىقاتچى ۋە پەيلاسوپ، تەرجىمان نەجمىددىن كامىلوف جانابلىرىنىڭ ئەتتار ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدىن پايدىلاندىم. بۇ يەردە مەن بۇ ئالىمغا سەمىمىي تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن ھەمدە چوڭقۇر ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى ئىزھار قىلىمەن.



## پايدىلانغان مەنبەلەر

فەرىدۇددىن ئەتتار: «ئىلاھىينامە» («ئىلاھىينامە» ۋە «مەنتىقۇت — تەير»دىن نەسرىي يەشمە ئۇسۇلىدا قىلىنغان ئايرىم پارچىلار ھەم تەتقىقات. نەجمىددىن كامىلوف ئىشلىگەن) تاشكەنت. «يازغۇچى» نەشرىياتى 1994-يىلى، ئۆزبېكچە نەشرى.

فەرىدۇددىن ئەتتار« پەندنامە » (مەنبەدە«پەندىنامە» دەپ ئېلىنغان. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مۇھەممەد تۇرسۇن سىدىق، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن.) «بۇلاق » ژۇرنىلى، 1999-يىلى، 2-سان.

«لىسانۇت ـ تەير» (نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا موللا سىدىق يەركەندى نەسرىيلەشتۈرگەن نۇسخا، نەشرگە تەييارلىغۇچى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت) «بۇلاق » ژۇرنىلى، 1993-يىلى، 3-، 4-سان.

نەجمىددىن كامىلوف: « تەسەۋۋۇپ ئىككىنچى كىتاب ـ تەۋھىد ئەسرارى» تاشكەند. غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى. 1999-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى.

«غايىبلار خەيلىدىن يانغان چىراغلار» (ماقالىلەر) ، تاشكەنت. «ئۆزبېكىستان» نەشرىياتى، 1994-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى.

ئەلشىر نەۋائى « نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» (15توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى 15-توم) ، غوپۇر غۇلام نامىدىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى. تاشكەنت. 1968-يىلى، ئۆزبېكچە نەشرى.

سەدرىددىن سەلىم بۇخارى «دىلدا يار» ، تاشكەنت. غوپۇر غۇلام

نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، 1993-يىلى، ئۆزبېكچە نەشرى.

تۈركچە «مىللىي كۈلتۈر» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىلى 12-ئاي سانىدىكى مۇستافا ئۇسلۇنىڭ« ئەتتارنىڭ ‹ پەندنامە›، سىدىكى روھ ۋە ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇپ ئامىللىرى » دېگەن ماقالىسى.

رادىي فىش: « جالالىددىن رۇمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى

2001-يىلى 1-ئاپرېل

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن (3)

# فەرىدۇددىن ئەتتار

ئەزىزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32 باسما تاۋىقى: 3.75
2002 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7--228—06626—X/I.2634
ئومۇمىي باھاسى (1 ـ 5) : 30.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن